

﴿قُلْ هُوَ اللّٰهُ أَحَدٌ ۝ اَللّٰهُ ٱلصَّمَدُ ۝ لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ ۝ وَلَمْ يَكُن لَّهُ كُفُوًا أَحَدٌ﴾

﴿(ئى مۇھەممەد! سەن مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، (مەن ئىبادەت قىلىدىغان ھەم سىلەرنى ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىۋاتقان) ئۇ ئاللاھ يەككە ـ يېگانىدۇر ۝ ئاللاھ ھېچقانداق مەخلۇققا موھتاج ئەمەس، ھەممە مەخلۇقات ئاللاھقا موھتاجدۇر ۝ (مەخلۇقاتلارغا خاس سۈپەتلەردىن پاك) ئاللاھ بالىلىق بولغانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس ۝ ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ﴾

(112 ـ سۈرە / ئىخلاس)

www.uyghurkitap.com

# ئۈرۈمچى شەھىرى ئىسلام دىنى ئىشلىرى يېتەكچىسى

**2014-يىللىق 12-سان (ئومۇمىي 12-سان)**

**نەشر قىلغۇچى ئورۇن:** ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى

**مەسلىھەتچى:** پەرھات سەلەي

**باش مۇھەررىر:** يالقۇن ئىسمائىل

**مۇھەررىرلەر:** مۇھتەرەم شېرىپ داموللا ھاجى، ئابدۇشۈكۈر رەھمىتۇللاھ داموللا ھاجى، ئابدۇراخمان ئابدۇقادىر

**تەكلىپلىك مۇھەررىر:** مۇھەممەدتۇردى مىرزىئەخمەت

**تەكلىپلىك كوررېكتور:** ئارزۇگۈل كېرىم

**بەت ياسىغۇچى:** ئابدۇللا مەتتۇرسۇن، مۇھەممەدئىمىن ئاتاۋۇللا داموللا

**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:**

مۇھتەرەم شېرىپ داموللا ھاجى، ئابدۇشۈكۈر داموللا ھاجى، نۇرمۇھەممەد داموللا ھاجى، ئابدۇكېرەم داموللا ھاجى، ئابدۇۋاھھاب داموللا ھاجى، ئابدۇرېھىم داموللا ھاجى، تۇرسۇنجان مەسۇم داموللا ھاجى، نەسرىدىن داموللا ھاجى، ئابدۇرەئۇف داموللا ھاجى، مەسئۇد داموللا ھاجى، مۇھەممەدئىمىن ئاتاۋۇللا داموللا، تاشتۆمۈر ئابدۇقادىر داموللا، تۇرسۇن ئەينۇددىن داموللا، مۇھەممەدئىمىن خۇدابەردى داموللا، ئوسمان ساۋۇت داموللا، ياقۇپ ئۆمەر، پەرھات سەلەي، يالقۇن ئىسمائىل

# كىرىش سۆز

ۋەز ئېيتىش — ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشتە قوللىنىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئەنئەنىسى: ئىمام-خاتىپلار ھەر جۈمە ۋە ھېيت-ئايەم كۈنلىرىدە جامائەتكە «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»لەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىغا دىنىي ئەقىدە نەزەرىيەلىرى، فىقھى مەسىلىلىرى، ئىبادەت قائىدە-ئەھكاملىرى، ئەخلاق مىزانلىرى، مەدەنىيەت مىراسلىرى، پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان ئەھمىيىتى زور ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى شەھىرىمىزدىكى ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئەت ئەزالىرىنى تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ناماز ۋاقىتلىرى ۋە جۈمە كۈنى سۆزلىنىدىغان ۋەز-تەبلىغ مەزمۇنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان مەزكۇر «ئايلىق» ماتېرىيالنى ئىماملارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۈزۈپ چىقتى. بۇ ماتېرىيالدىكى ئايەتلەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «قۇرئان كەرىم» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2012-يىلى 8-ئاي 1-نەشرىگە ئاساسەن ئېلىندى. ئىماملىرىمىز دېكابىر ئېيىدىكى جۈمە كۈنلىرى چوقۇم مۇشۇ بەلگىلەنگەن ۋەز-تەبلىغ تېمىسى ۋە مەزمۇنى ئاساسىدا سۆزلىشى كېرەك.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى
2014-يىلى 1-دېكابىر

# مۇندەرىجە


ئەمەلىي ئىشلەپ، سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ياخشى ئۈلگە بولۇپ، مەركىزىي شەھەرنى گۈللەندۈرۈش كېرەك .......... 1


## ۋەز ـ تەبلىغلەر


ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەممىمىزنىڭ ئورتاق مەجبۇرىيىتى .......... 8

ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش .......... 17

ھالال ـ ھارام توغرىسىدا .......... 35

مۇسۇلمان بىلەن ۋاقىتنىڭ مۇناسىۋىتى .......... 53


## ئۆگىنىش گۈلزارى


ھەدىس شەرھىسىنىڭ تەرجىمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر .......... 68

ئەرەب تىلىدىكى بەزى گراماتىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ قوللىنىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىسى .......... 80


## پايدىلىنىشلىق


«ئۈرۈمچى شەھىرى ئىسلام دىنى ئىشلىرى يېتەكچىسى» ژۇرنىلىنىڭ 2014 ـ يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجىسى .......... 87

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 11 ـ ئايلىق ناماز ۋاقىتلىرى .......... 92


مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە : بوغدا كۆلى مەنزىرىسى

مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە : سايباغ رايونلۇق قىبلىتاغ ئىتتىپاق مەسچىتى

جاڭ چۇنشيەن ئۈرۈمچىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەلەپ قىلدى:

# ئەمەلىي ئىشلەپ، سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ياخشى ئۈلگە بولۇپ، مەركىزىي شەھەرنى گۈللەندۈرۈش كېرەك

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى جاڭ چۇنشيەن 6 ـ نويابىردىن 9 ـ نويابىرغىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ تەدبىر، ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇش، «باش نىشاننى چۆرىدەش، ئاجىز نۇقتىنى تېپىپ چىقىش، دېلودىن ساۋاق ئېلىش، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش» تەلىپى بويىچە، خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

جاڭ چۇنشيەن تۆت كۈن داۋامىدا، ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونى، سايباغ رايونى، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى(يېڭى شەھەر رايونى)، بۇلاقتاغ رايونى، ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى(تۇدۇڭخابا رايونى)، مىچۈەن ـ كۆكتاغ رايونىدا 1 ـ سەپتىكى يولداشلارنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى، مەھەللىدىكى ئاممىدىن ئەھۋال ئىگىلىدى، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار ۋە دىنىي زاتلار بىلەن سۆھبەتلەشتى، ئاساسىي قاتلام تەشكىلات قۇرۇلۇشى، جەمئىيەت باشقۇرۇش، قاتتىق زەربە بېرىش، قاتتىق ئالدىنى ئېلىش، شۇنداقلا ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات، يېڭى رايون قۇرۇلۇشى، شەھەر باشقۇرۇش، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

جاڭ چۇنشيەن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ئۈرۈمچى شەھىرى «تۆتنى بېكىتىش» تەلىپىگە ئاساسەن، يېپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىدا «بەش چوڭ مەركەز» قۇرۇشنى چۆرىدەپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، «بەشتە ئۈلگە» كۆرسىتىپ، مەركىزىي شەھەرنى گۈللەندۈرۈشى كېرەك.

**جەمئىيەت باشقۇرۇش ئۈنۈمى ۋە مۇقىملىقنى قوغداش، تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.**

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھىرى «ئاممىنى 1 ـ ئورۇنغا قويۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئاساسىي قاتلامنى مۇھىم بىلىش» ئىدىيەسىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، مەھەللە قۇرۇلۇش سېلىنمىسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، مەھەللىدە خادىم، بازا، خىراجەت، ئاشخانا، ساقچى قاراۋۇلخانىسى بولۇشتىن ئىبارەت «10 بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇقىملىقنى قوغداش، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىگە پۇختا ئاساس سالدى.

تەڭرىتاغ رايونى داۋان تارماق رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى شامالباغ يېڭى رايونى مەھەللىسىدە كۆچمە نوپۇس 93%كە يېتىدۇ. مەھەللە كۆچمە نوپۇسقا مۇلازىمەت قىلىش، باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، مەھەللىدە ئىككى ئۆلچەملىك كود مەشغۇلات سىستېمىسىنى يولغا قويدى، خىزمەتچىلەر ئۆي ئىجارە بەرگۈچىلەرنىڭ مەخسۇس ئىككى ئۆلچەملىك كودىنى يانفوندا سىكانىرلاپلا ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغۇچىلارنىڭ سانى، ئىسىم ـ فامىلىسى، كىنىشكا نومۇرى قاتارلىق ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيدىغان بولدى.

داۋان تارماق رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى «قورۇ بويىچە باشقۇرۇش، ئومۇميۈزلۈك دائىرىگە ئايرىش، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش، رەقەملەشتۈرۈپ كاپالەتلىك قىلىش» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، جەمئىيەت باشقۇرۇش ئۈنۈمى ۋە مۇقىملىقنى قوغداش، تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. جاڭ چۈنشيەن سىنلىق كۆزىتىش ـ نازارەت قىلىش سىستېمىسى ئارقىلىق، داۋان تارماق رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى «ئۈمىد» كوچىسى ساقچى قاراۋۇلخانىسىدىكىلەرنىڭ نەق مەيداندىكى مەشىق ئەھۋالىنى كۆردى.

جاڭ چۈنشيەن ئۈرۈمچى جەنۇبىي ۋوگزالىدا ۋوگزال ئالدىدىكى مەيداننى ئۆزگەرتىپ ياساش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ئۇ تەڭرىتاغ رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسى «مىڭخۋا» كوچىسى ساقچىخانىسى، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايون(يېڭىشەھەر رايونى)لۇق ج خ شۆبە ئىدارىسى سەييارە چارلاش ـ مۇداپىئە كۆرۈش چوڭ ئەترىتى «كەررىفور» خەلققە قولايلىق مۇلازىمەت پونكىتىغا بېرىپ، دىجورنىلارنىڭ خىزمەتكە تەييار تۇرغانلىقى، ئەسلىھە، قورال ـ ياراغ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان خەلق ساقچىلىرىنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى.

**تاشبۇلاق تارماق رايونى تۆت يىلدا يېپيېڭى قىياپەتكە كىردى**

مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھىرى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشى خىراجىتىنىڭ جامائەت مالىيەسى خامچوت چىقىمىدا ئىگىلىگەن نىسبىتىنى 2009 ـ يىلدىكى 55%تىن 2013 ـ يىلدىكى 74%كە كۆپەيتتى.

تەڭرىتاغ رايونى تاشبۇلاق تارماق رايونىدا كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، كۆچمە نوپۇس مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ئاجىز ئىدى. جاڭ چۈنشيەن 2010 ـ يىلى 5 ـ ئايدا شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، تۈنجى قېتىم مۇشۇ جايغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان ھەم ئاھالىلەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ، «خەلق تۇرمۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئاممىنى 1 ـ ئورۇنغا قويۇش، ئاساسىي قاتلامنى مۇھىم بىلىش» يېتەكچى ئىدىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۈرۈمچىنىڭ كەپە مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىش سۈرئىتىنى تېزلىتىشنى تەلەپ قىلغان. ئەينى چاغدا جاڭ چۈنشيەن يەنە تاشبۇلاق تارماق رايونىدىكى ئاھالىلەر بىلەن «يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن، كۆپچىلىكنى يەنە يوقلاپ كېلىش»كە پۈتۈشكەن.

تۆت يېرىم يىلدىن كېيىن، جاڭ چۈنشيەن تاشبۇلاققا قايتا كېلىپ، كەپە مەھەللىنىڭ كونا قىياپىتىنىڭ يېڭىلانغانلىقى، 33 تۇرالغۇ بىناسى، 4382 يۈرۈش ئورۇنلاشتۇرۇش ئۆيىدىن تەشكىللەنگەن زامانىۋى ئېگىز قەۋەتلىك بىنالار قەد كۆتۈرگەن مەھەللىگە ئايلانغانلىقىنى كۆردى. شۇجىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئاھالىلەر ئۇنى ئوراۋېلىپ، تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەپ بەردى. «ئىلگىرى بۇ جاي مەينەن، قالايمىقان ئىدى. ھازىر مەھەللىگە كىرسەك ناھايىتى خۇش بولىمىز»، دېيىشتى مەھەللە ئاھالىلىرى مىننەتدار بولغان ھالدا. جاڭ چۈنشيەن مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى پۇقرالارنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈش. كۆپچىلىكنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، ئورتاق تىرىشىپ، تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**خەلق تۇرمۇشىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەلرايى بىلەن مۇناسىۋەتلىك**

جاڭ چۈنشيەن سايباغ رايونى قىزىلبۇت كوچىسى توپىتاغ مەھەللىسىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيەلەش نۇقتىسىغا باردى، بۇ يەردە ئون نەچچە ئاز سانلىق مىللەت خانىم ـ قىزلار ئوقۇتقۇچىدىن قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ياساشنى ئۆگىنىۋاتاتتى. تەۋەلىكتىكى ئايالالار مۇشۇ ھۈنەر ئارقىلىق ئۆيىدە ئىشلەپ، ئايدا 1000 يۈەندىن 2000 يۈەنگىچە كىرىم قىلالايتتى.

ياندىكى خەنزۇچە ئۆگىنىش سىنىپىدا دەرس باشلانغىنىغا 18 كۈن بولغان بولۇپ، كۇرسانتلارنىڭ بۇ يەردە خەنزۇچە ئۆگىنىۋاتقىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ خەنزۇچە سەۋىيەسى خېلىلا ئۆسكەندى، ئۇلار يولداش جاڭ چۈنشيەن بىلەن خەنزۇچە راۋان پىكىر ئالماشتۇردى. جاڭ چۈنشيەن ئۇلارنى داۋاملىق تىرىشىپ، كىشىلىك ھاياتىدا يېڭى مەنزىلگە يېتىشكە ئىلھاملاندۇردى.

خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسىنىڭ ھەممىسى ئەلرايى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. جاڭ چۈنشيەن ئاھالىلەرنىڭ كۆكتات سېتىۋېلىشى، قاتنىشى قولايلىقمۇ - يوق؟ دېگەندەك مەسىلىلەرگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى. شامالباغ يېڭى كەنتى مەھەللىسى ۋە پىگدىڭشەن مەھەللىسىدە، جاڭ چۈنشيەن يەنە كۆكتات، قوشۇمچە يېمەكلىك بىۋاستە سېتىش نۇقتىسىغا باردى، بىۋاستە سېتىش نۇقتىسى كۈندە 30 نەچچە خىل جەمئىي 500 كىلوگىرامدىن كۆپرەك كۆكتات بىلەن تەمىنلەيدىغان بولۇپ، شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھەر خىل كۆكتاتنىڭ باھاسىغا چەك قويۇپ، دۇكاندىكى ئاپتوماتىك ئېكران ۋە ئالاقە تورىدا ئېلان قىلىنغان باھا ئارقىلىق، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئۆز جايىدا يېڭى، ئەرزان، كۆكتاتلارنى سېتىۋېلىشىغا كاپالەتلىك قىلغانىدى.

جاڭ چۈنشيەن مۇنداق دېدى: «خەلق تۇرمۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئاممىنى 1 - ئورۇنغا قويۇش، ئاساسىي قاتلامنى مۇھىم بىلىش، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى بارلىق خىزمەتلەردە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي مەقسەتنى چۆرىدەپ، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئارقىلىق ئەلرايىنى مۇجەسسەملەش كېرەك، ئاممىغا ئىشىنىش، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش، ئاممىغا تايىنىش - مۇقىملىقنى ساقلاشنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم ئاساسى، ئەڭ چوڭ كۈچ مەنبەسى.»

**شەھەر مۇھىتى ياخشىلىنىپ، شەھەرنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى**

قىشتا ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشى ئىلگىرى ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىسى ئەڭ كۈچلۈك ئىنكاس قىلغان مەسىلە ئىدى. 2010 - يىلى 5 - ئايدا جاڭ چۈنشيەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا مۇنداق دېگەن: «بۇ مەسىلىنى قەتئىي ئىرادە بىلەن زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەممە بىردەك ھەرىكەتكە كېلىپ ھەل قىلىش كېرەك، شەھەر ئاھالىسى ئىس - تۈتەك قاپلىغان مۇھىتتا ياشىسا بولمايدۇ!»

مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ قوللىشىدا، ئۈرۈمچى شەھىرى ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەشنى ئەڭ چوڭ خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى قىلىپ، تۆت يىلدا جەمئىي 33 مىليارد 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەشكە دائىر 110 تۈرنى يولغا قويۇپ، «كۆمۈر

قالىنىدىغان پار قازانلارنى تەبىئىي گاز قالىنىدىغان پار قازانلارغا ئۆزگەرتىش» قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق يولغا قويدى، ئۈرۈمچى شەھىرى مەملىكەت بويىچە تۇنجى گازلاشتۇرۇلغان شەھەر بولۇپ قالدى. بۇ يىل 6 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرى مەملىكەت بويىچە ئۆلچەمگە يەتكەن كۆن سانى نىسبىتى 100% بولغان شەھەرلەرنىڭ بىرى بولدى. جاڭ چۈنشيەن شەھەرلىك ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى باش شىركىتىگە بېرىپ، پارخانىغا كىرىپ، تەبىئىي گاز قالىنىدىغان پار قازىنىنىڭ ئىشلەش ئەھۋالىنى كۆردى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھىرى شەھەر مۇھىتىنى ياخشىلاش، شەھەر سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى كۆزدە تۇتۇپ، زور بىر تۈركۈم ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، زامانىۋى ئۈنۈمۈرسال قاتناش تۈگۈنى قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك باشلىدى، يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈر يول يېڭى ۋوگزالى، مېترو 1 ـ لىنىيەسى، «ئىككى لىنىيە، بىر ئايلانما»، «ئىككى كۆۋرۈك، بىر يول» قاتارلىق مۇھىم قۇرۇلۇشلار كەينى ـ كەينىدىن باشلاندى. جاڭ چۈنشيەن ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە مەركىزىنىڭ يېنىدىكى رېلىسلىق قاتناش 1 ـ لىنىيەسى 11 ـ تارماق بۆلىكى ئىش مەيدانىدا، قۇرۇلۇشنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىدى.

جاڭ چۈنشيەن 2010 ـ يىلى 11 ـ ئايدا يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈر يول تارماق رايونىنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە مۇنداق دەپ تەلەپ قىلغان: «يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈر يول تارماق رايونىنى پىلانلاشقا يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى پەللە، يۇقىرى سەۋىيە، يۇقىرى ئۈنۈمدە تاماملاش كېرەك.» تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى، قۇرۇلۇۋاتقان ئۈرۈمچى يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈر يولى تارماق رايونىنىڭ پىلاندىكى ئومۇمىي كۆلىمى 37.2 كىۋادرات كىلومېتىر، مەركىزىي رايونىنىڭ كۆلىمى 8.7 كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ھازىر 42 تۈر جەلپ قىلىنىپ ماكانلاشتى، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ سوممىسى 42 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئۈرۈمچى شەھىرى ئۇل ئەسلىھەلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن بىللە، يەنە «قوشۇش ئۇسۇلى»نى قوللىنىپ، شەھىرىمىزنىڭ يېشىللىق، مەنزىرە كۆلىمىنى كېڭەيتتى، بەش يىلدا جەمئىي 5 مىليارد يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ، يېڭىدىن 272 مىڭ 600 مو يېشىللىق بەرپا قىلدى. جاڭ چۈنشيەن بۇلاقتاغ رايونىدا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باغۋاراڭلاشتۇرۇش، كۆكەرتىش خىزمىتى دوكلاتىنى ئاڭلىدى. جاڭ چۈنشيەن بۇلاقتاغ باغچىسىدا پىيادە مېڭىپ، بۇلاقتاغ دەرياسىنىڭ بىر كىلومېتىرلىق مەنزىرىسىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كۆچۈردى، ئىقتىساد، تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدىكى يېشىل جىلغا مەنزىرە تاماشا قىلىش سۈپىسىغا چىقىپ، شەھەرنىڭ كۆكەرتىلىش، مەنزىرە قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

قىش كىرگەندىن كېيىن، يىغىلىپ قالغان قارلارنى تازىلاش، يولنىڭ راۋانلىقىغا، شەھەر ئاھالىسىنىڭ يولغا چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم خىزمەت، جاڭ چۈنشيەن بۇلاقتاغ رايونى مۇھىت تازىلىقى مەشغۇلات بازىسىدا تازىلىق ئىشچىلىرىنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى.

**«بەشتە ئۇلگە» بولۇپ، مەركىزىي شەھەرنى گۈللەندۈرۈش كېرەك**

جاڭ چۈنشيەن 9 ـ نويابىر چۈشتىن بۇرۇن ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. جاڭ چۈنشيەن كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۈرۈمچىنىڭ ئاساسىي قاتلام ئاساسىدا تۈپ ئۆزگىرىش بولۇپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلار ھالقىما تەرەققىي قىلىپتۇ، خەلق تۇرمۇشى ھەقىقىي ياخشىلىنىپتۇ، ئۆزگەرتىش، ئىسلاھ قىلىش، داۋىل زىممىسىگە ئېلىش، زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىش كەيپىياتى بارغانسېرى قويۇقلىشىپتۇ، قوشۇن قۇرۇلۇشىدا زور ئۆزگىرىش بوپتۇ، جەمئىيەت گۈللىنىش، مۇقىم، ئىناق بولۇش ۋەزىيىتى ساقلىنىپتۇ. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، سىياسىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، جەمئىيەت قۇرۇلۇشى، پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار تېز تەرەققىي قىلىپتۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بۇلارنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇستەھكەم رەھبەرلىكى، مەملىكەت خەلقىنىڭ قوللىشى، شەھەرلىك پارتكومنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىك بەنزىسى، ياخشى كادىرلار قوشۇنى، ئەمەلىي ئىشلەيدىغان، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان ياخشى ئىستىلنىڭ بولغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.»

جاڭ چۈنشيەن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئالتە تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى:

**بىرىنچىدىن،** «ئۈچتە قەتئىي بولۇش»نى چۆرىدەپ، مۇقىملىقنى پۈتۈن كۈچ بىلەن چىڭ تۇتۇش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى يۈ جېڭشېڭنىڭ يوليورۇقى، تەلىپىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ 20 ـ ئاۋغۇست، 8 ـ سېنتەبىر، 29 ـ ئۆكتەبىردىكى يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. «30 ـ ئاپرېل»، «22 ـ ماي»، «28 ـ ئىيۇل» دېلولىرىنىڭ ساۋىقىنى قوبۇل قىلىپ،

تارتقان دەردلەرنى ئەسلەپ، بىرنى بىلىش ئارقىلىق باشقىنىمۇ بىلىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىش يۈنىلىشىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بىخۇدلۇق قىلىش، قارىغۇلارچە ئۈمىدۋار بولۇش، بىپەرۋالىق قىلىش ئىدىيەسىنى قەتئىي تۈگىتىپ، كۆزلەش نۇقتىسى ۋە كۈچەش نۇقتىسىنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە ھەقىقىي مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك.

**ئىككىنچىدىن،** مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنلار ئىناقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

**ئۈچىنچىدىن،** «يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى» قۇرۇش تارىخىي پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يېڭىچە شەھەرلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك.

**تۆتىنچىدىن،** خەلق تۇرمۇشىنى تۇتقا قىلىپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش بىلەن ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

**بەشىنچىدىن،** كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى تېزلىتىپ، ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچى، رىقابەت كۈچى كۈچلۈك شەھەر قۇرۇش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىپ، «ئۈچتە قاتتىق، ئۈچتە ئەمەلىي» ۋە «تۆتتە كۈچلۈك» كادىرلار قوشۇنىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش كېرەك.

جاڭ چۇنشيەن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «ئۈرۈمچى ئەمەلىي ئىش قىلىپ، سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى قوغداش ئۈلگىسى، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئاساسىنى چىڭىتىش ئۈلگىسى، زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىش ئۈلگىسى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئۇلتۇراقلىشىشقا، ئىگىلىك تىكلەشكە باپ كېلىدىغان مۇھىت بەرپا قىلىش، ئىلمىي تەرەققىي قىلىش ئۈلگىسى بولۇپ، ئۈرۈمچىنى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق مەركىزىي شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.»

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى، خۇاڭ ۋېي، شاۋكەت ئىمىن، جۇ خەيلۇن، شيۇڭ شۇەنگو قاتارلىق رەھبەرلەر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بىللە بولدى.

«شىنجاڭ گېزىتى» 11 ـ نويابىر سانىدىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com



# ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەممىمىزنىڭ ئورتاق مەجبۇرىيىتى

أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ   بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

إِنَّ الْحَمْدَ لِلهِ نَحْمَدُهُ وَ نَسْتَعِيْنُهُ وَ نَسْتَغْفِرُهُ، وَنَعُوْذُ بِاللهِ مِنْ شُرُورِ أَنْفُسِنَا، وَمِنْ سَيِّئَاتِ أَعْمَالِنَا، مَنْ يَهْدِهِ اللهُ فَلاَ مُضِلَّ لَهُ ، وَمَنْ يُضْلِلْ فَلاَ هَادِيَ لَهُ ، وَأَشْهَدُ أَنْ لاَّ إِلٰـهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَ رَسُوْلُهُ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَ عَلَى آلِهِ وَأَصْحَابِهِ أَجْمَعِيْنَ . أَمَّا بَعْدُ :

بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھقا خاستۇر. بىز ئاللاھتىنلا ياردەم تىلەيمىز؛ ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمىز. ئاللاھقا سېغىنىپ كۆڭۈللىرىمىزدە كەچكەن ئوي ـ ھەۋەسلىرىمىزنىڭ يامانلىقلىرىدىن، ئەمەللىرىمىزدە كۆرۈلگەن يامان قىلمىشلاردىن پاناھ تىلەيمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان ئادەمنى ھېچقانداق ئازدۇرغۇچى بولمايدۇ، ئاللاھ گۇمراھلىقتا قالدۇرغان ئادەمنى ھېچقانداق ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى: يالغۇز ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھنىڭ ھېچبىر شېرىكى يوقتۇر. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ بارلىق ساھابىلىرىگە بولسۇن.

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك قەلبى ئىمان نۇرى بىلەن يورۇپ، ۋۇجۇدىدىن مېھىر ـ مۇھەببەت ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتقان مېھرىبان قېرىنداشلار:

نۆۋەتتە پۈتكۈل خەلقئارا جەمئىيەت دۇچ كېلىۋاتقان ئەيدىزدىن ئىبارەت بۇ بالايى ـ ئاپەت دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يامرىماقتا. بۇنداق شارائىتتا بىز مۇسۇلمانلار ئۆزىمىزنىڭ مۇسۇلمانلىق ۋە ئادىمىيلىك بۇرچىنى ئادا قىلىشىمىز ھەمدە «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىستىكى ئىجابىي ئامىللارنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇ

كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا دەۋرنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بولۇشىمىز تولىمۇ زۆرۈر بىر ئىشتۇر. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بوگۇن بىز ئەيدىزدىن ئىبارەت بۇ ۋابانىڭ ئالدىنى ئېلىش پۇتكۇل ئىنسانلارنىڭ، جۈملىدىن بىز مۆمىن مۇسۇلمانلارنىڭمۇ باش تارتىپ بولمايدىغان ئورتاق مەجبۇرىيىتىمىز ئىكەنلىكى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتمەكچىمىز.

ئەيدىز (AIDS) — ئىنگلىزچە سۆز بولۇپ، «ئېرىشمە ئىممۇنىتېت كەمچىللىك يىغىندى ئالامەتلىرى» دېگەن مەنىدە. ئەيدىز كېسىلى ئۆلۈش نىسبىتى ئىنتايىن يۇقىرى، داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتى تۆۋەن بىر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكتۇر.

ئەيدىز كېسىلى 1981 - يىلى ئامېرىكىدا بايقىلىپ، بۇ كېسەللىك بىلەن يۇقۇملانغانلار يىل ئاخىرىدا 171 گە يەتكەن، ئۇلارنىڭ 92% ى ھاياتىدىن ئايرىلغان. شۇنىڭدىن بۇيان، بۇ كېسەل ھەرقايسى دۆلەت ۋە رايونلارغا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تارقىلىپ، نۇرغۇن كىشىنى ھاياتىدىن ئايرىپ، ئائىلىسىنى خانىۋەيران قىلغان. جۇڭگودا 1985 - يىلى بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىلار بايقالغان، شىنجاڭدا 1995 - يىلى بايقالغان، 2007 - يىلى مېكسىكىدا چاقىرىلغان دۇنيا ئەيدىز يىغىنىدا ئېلان قىلىنىشىچە، 2007 - يىلى دۇنيا بويىچە يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى 33 مىليون 200 مىڭغا، بۇ كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلگۈچىلەر 2 مىليونغا، يېڭىدىن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى 2 مىليون 700 مىڭغا يەتكەن. 1995 - يىلىدىن 2006 - يىلىغىچە بولغان 11 يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ سانى 18 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن.

دېمەك، بۇ كېسەل تارقىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىگە سالغان زىيىنىنىڭ ئېغىرلىقى قاتارلىق تەرەپلىرى بىلەن ئوت ئاپىتى، سۇ ئاپىتى، يەر تەۋرەش ئاپىتى قاتارلىقلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان دۇنيا خاراكتېرلىك، دەرىجىدىن تاشقىرى ئاپەتكە ئايلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كېسەل پۈتكۈل دۇنيا خەلقىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ،

ھەرقايىسى دۆلەت ۋە خەلقئارالىق تەشكىلاتلار كۆڭۈل بۆلۈپ، دىققەت قىلدى، نەتىجىدە تىزگىنلەشكە ۋە ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق بولغان ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قانات يايدۇرىدىغان بولدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدا بۇ كېسەللىك 1995 ـ يىلى بايقالغاندىن بۇيان تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ، ئوخشاش ئۆلكىلەر ئىچىدە، يۇقۇملانغۇچىلار سانى ۋە نىسبىتى جەھەتتە ئاپتونوم رايونىمىز ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈپ قالدى. بۈگۈنكى كۈندە ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى بۇ دۇنيادىن ئېچىنىشلىق ھالدا خوشلاشقان بولسا، يەنە بىر قىسمى كېسەللىك ئازابىدا ئىڭراپ، ئائىلىسىنىڭ پۈتكۈل مال ـ بىساتىنى بۇزۇپ ـ چېچىپ، ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىپ، ئۆلۈمنى كۈتۈۋاتماقتا. مانا مۇشۇنداق رېئاللىق ئالدىدا بىز مۇسۇلمانلار قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

ئەيدىزنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش دېگەنلىك، بىزنىڭ ئاشۇ ئوماق، سەبىي پەرزەنتلىرىمىز ۋە نەۋقىران قىز ـ يىگىتلىرىمىزنىڭ، قىسقىسى، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىغا ۋە تەن ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈش دېگەنلىكتۇر. باشقىلارنىڭ ھاياتىنى قوغداش ھەممىدىن ئۇلۇغ، شەرەپلىك ئىش ئىكەنلىكى توغرىسىدا رەببىمىز ئاللاھ تائالا بۇنىڭدىن 1400 يىل ئىلگىرى «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن:

**﴿وَمَنْ أَحْيَاهَا فَكَأَنَّمَآ أَحْيَا النَّاسَ جَمِيعًا﴾**

**﴿كىمكى بىر ئادەمنىڭ ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولغاندەك بولىدۇ﴾ (5 ـ سۈرە / مائىدە 32 ـ ئايەت)**

بۇ ئايەتتىن ئەيدىزدىن ئىبارەت پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىغا خەۋپ ئېلىپ كېلىۋاتقان بۇ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇسۇلمانلارنىڭمۇ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋالالايمىز. چۈنكى بىز «قۇرئان كەرىم» گە نەزەر سالىدىغان بولساق ئۇنىڭدا باشقىلارغا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە ياخشىلىق قىلىشتەك ئېسىل خىسلەتلەر ھەققىدىكى ئايەتلەرنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. مۇقەددەس ئىسلام دىنىمۇ ھەرقانداق بىر

ئادەمنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەت ۋە خەلقنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك تۆھپىسىنى قوشۇپ، ئاخىرەتتە ياراتقۇچىسى ئاللاھقا يۈز كېلەلىگۈدەك، ئۇنىڭ رەھمىتىگە نائىل بولغۇدەك ھەقىقىي تەقۋا مۇسۇلمان سۈپىتىدە ياشاشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ﴾

**﴿(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر﴾ (3 ـ سۈرە / ئال ئىمران 110 ـ ئايەت)**

يۇقىرىقى ئايەتتىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ بىز مۇسۇلمانلارغا بارلىق ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، ئۇلارنى يامان ئىشتىن توسۇپ، ياخشى ئىشقا بۇيرۇشىمىزنى بىزگە ئىمانىي مەجبۇرىيەت قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مۆمىن مۇسۇلمان بولۇشنىڭ باشقىلارنىڭ زىيان ـ پايدىسىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

**[عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قال: لَا يُؤْمِنُ أَحَدُكُمْ حَتَّى يُحِبَّ لِأَخِيهِ مَا يُحِبُّ لِنَفْسِهِ.] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)**

**"ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سىلەردىن قانداق بىر كىشى ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرگەندىلا ئاندىن كامىل مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ." (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)**

دىنىمىزنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، بىز مۇسۇلمانلار چوقۇم ئەيدىزنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭدىن مۇداپىئەلىنىش ئىشلىرىدا باشلامچى بولۇپ، ئەيدىزنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەشۋىقاتچىلىرىدىن بولۇشىمىز لازىم.

ئەيدىزدىن ئىبارەت بۇ بالايىئاپەت، زىنا بىلەن شۇغۇللىنىش، زەھەرنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇش، شۇنداقلا ھەرخىل تازىلىقلارغا ئەھمىيەت بەرمەسلىكتەك

قىلمىشلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇنداق قىلمىشلار ئىسلام دىنىدا تېخىمۇ چەكلەنگەن. تۆۋەندە بۇلارنى پاكىت ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

1. ئىسلام دىنى بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ بىر يەردە بولۇشى ئۈچۈن نىكاھنى بەلگىلىگەن، جىنسىي ئەركىنلىككە قارشى تۇرغان. پۈتكۈل ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى بولغان زىناغا ئىنسانىيەتنىڭ قەتئىي يېقىنلاشماسلىقى، شۇنداقلا بۇ رەزىل قىلمىشنىڭ خەتىرىنىڭ ئىنتايىن چوڭ ئىكەنلىكىگە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئاگاھلاندۇرۇپ «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن:

﴿وَلَا تَقْرَبُوا الزِّنَىٰ إِنَّهُ كَانَ فَاحِشَةً وَسَآءَ سَبِيلًا﴾

**﴿زىناغا يېقىنلاشماڭلار. چۈنكى، ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر.﴾ (17 ـ سۈرە / 32 ـ ئايەت)**

دېمەك، بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى زىنادەك رەزىل قىلمىشنى قىلىشقىلار ئۇياقتا تۇرسۇن يېقىنلاشماڭلار، دېيىش ئارقىلىق زىنانىڭ زىيىنىدىن، يامان ئاقىۋىتىدىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

**[عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ رَضِىَ اللهُ عَنْهُ قالَ قَالَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَ سَلَّمَ: مَا ظَهَرَتِ الْفَوَاحِشَةُ فِيْ قَوْمٍ حَتَّى اِعْلَنُوْا بِهَا اِلَّا اِبْتَلَوْا بِالطَّاعُوْنِ وَ الْاَوْجَاعِ لَمْ تَكُنْ فِيْ اَسْلَافِهِمُ الَّذِيْنَ مَضَوْا.] (رَوَاهُ ابْنِ مَاجَه)**

**”ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بىر جامائەت ئىچىدە پاھىشىۋازلىق ئوچۇق ـ ئاشكارە ئېلىپ بېرىلىدىغان دەرىجىدە ئايان بولسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى كۆرۈپ باقمىغان ۋابا ۋە كېسەللەر تارقايدۇ.“ (ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان)**

بىز مۇشۇ ھەدىستىن زىنانىڭ يامان ئاقىۋىتىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇش بىلەن بىرگە، ئەيدىزنىڭ ئەخلاق قىلمىشىدىن چىققان، ئادىمىيلىك خاراكتېرىنى يوقاتقان كىشىلەرگە ئۇرۇلغان ئىبرەت قامچىسى ئىكەنلىكىنى، ناۋادا بىز ئىنسانلار ھوشىمىزنى تېپىپ ئىپپەتلىك بولمىساق، رەسۇلۇللاھ دېگەندەك بىزنى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ھەر تۈرلۈك كېسەللىكلەرنىڭ كۈتۈپ

تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىۋالالايمىز. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۆزى مۆجىزە خاراكتېرلىك سۆز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىمىز لازىم. ئەيدىزنىڭ پاھىشىۋازلىقتىن يۇقىدىغانلىقىنى ھەممە ئېتىراپ قىلىدۇ، دۇنيادا بىر قىسىم ئىنسانلار جورىسىگە سادىق بولمايدىغان، ھەتتا جورا ئالماشتۇرۇشنى مەدەنىيەت دەپ قارايدىغان مۇشۇنداق زاماندا خۇددى رەسۇلۇللاھ دېگەندەك ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىچىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەيدىزدىن ئىبارەت بۇ كېسەللىك، 1981 ـ يىلىدىن باشلاپ بىز ئىنسانلارنىڭ بېشىغا چۈشتى، بىز بۇنىڭدىن قاتتىق ئاچچىق ساۋاق ئېلىپ، زىنادىن يىراق تۇرۇشىمىز كېرەك.

بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ يەنە بىرى بولغان بەچچىۋازلىق توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

**[عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِىَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّ اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: مَنْ وَجَدْتُمُوهُ يَعْمَلُ عَمَلَ قَوْمِ لُوطٍ فَاقْتُلُوا الْفَاعِلَ وَالْمَفْعُولَ بِهِ.] (رَوَاهُ التِّرْمِيذِيُّ)**

**”ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سىلەر لۇت قەۋمىنىڭ قىلمىشىنى قىلغان كىشىنى ئۇچراتساڭلار ئۇنى قىلغۇچىنى ۋە قىلىنغۇچىنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار.“ (ئىمام ترمىزي رىۋايەت قىلغان)**

يۇقىرىقى ھەدىسلەردە بۇ رەزىل قىلمىشلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ قىلمىشلارنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئەيدىز پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىغا خەۋپ ئېلىپ كەلمەكتە. شۇڭا، بىز مۇسۇلمانلار ئەيدىزنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى بولغان يۇقىرىقىدەك ئادىمي ئەخلاقتىن چىققان ئىپلاس قىلمىشلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئەيدىزنىڭ يۇقۇشى توغرىسىدكى ساۋاتلارنى تولۇق ئىگىلەپ ھەم بۇ ھەقتە تېببىي خادىملارنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سېلىپ، باشقىلاردىن يۇقتۇرۇۋېلىش ۋە باشقىلارغا يۇقتۇرۇپ قويۇشتىن ئىنتايىن پەخەس بولۇشىمىز لازىم. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقۇملۇق كېسەل ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أُسَامَةَ بْنِ زَيْدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: إِذَا سَمِعْتُمُ الطَّاعُونَ بِأَرْضٍ، فَلا تَدْخُلُوهَا، وَإِذَا وَقَعَ بِأَرْضٍ، وَأَنْتُمْ فِيهَا، فَلَا تَخْرُجُوا مِنْهَا.] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

**”ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بىر يەرگە ۋابا (يەنى يۇقۇملۇق كېسەل) چۈشكەنلىكىنى ئاڭلىساڭلار ئۇ يەرگە كىرمەڭلار، سىلەر تۇرۇۋاتقان يەرگە ۋابا چۈشسە ئۇ يەردىن چىقماڭلار.“ (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)**

مانا بۇ ھەدىستە يۇقۇشنىڭ ئېنىق ئىكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلۇپ، كېسەللىكنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ يۇقۇم رايونىدىن ئايرىلىپ تۇرۇشى تەلەپ قىلىنغان. شۇڭلاشقا، بىز يۇقۇملۇق كېسەللەرگە ھەرگىزمۇ قارىغۇلارچە مۇئامىلە قىلماسلىقىمىز، بۇ ھەقتە تېببىي خادىملارنىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سېلىشىمىز لازىم.

2. بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ يەنە بىرى بولغان زەھەرگە كەلسەك، ئىسلام دىنى زەھەر تۈرىدىكى نەرسىلەرنى قەتئىي ھارام قىلغان بولۇپ، بۇ ھەقتە ئالله تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن:

﴿وَلَا تَقْتُلُوا أَنفُسَكُمْ﴾

**﴿سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرۈۋالماڭلار﴾ (4 ـ سۈرە / نىسا 29 ـ ئايەت)**

ھەممىمىزگە مەلۇم، زەھەر چېكىش سېپىي ئۆزىدىن نەق ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىق بولۇپ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قارشىلاشقانلىق. زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ زەھەر چېكىشى ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە تەن ساغلاملىقى، شۇنداقلا مال ـ مۈلكىنى خانىۋەيران قىلىش بەدىلىگە كەلگەن بولۇپ، دىنىمىزنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ۋە تەن ساغلاملىقى، شۇنداقلا مال ـ دۇنياسىنى قەدىرلەشنى، قوغداشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ ھەقتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: اِغْتَنِمْ خَمْسًا قَبْلَ خَمْسٍ: شَبَابَكَ قَبْلَ هَرَمِكَ، وَصِحَّتَكَ قَبْلَ سَقَمِكَ، وَغِنَاكَ قَبْلَ فَقْرِكَ، وَفَرَاغَكَ قَبْلَ شُغْلِكَ، وَحَيَاتَكَ قَبْلَ مَوْتِكَ.] (رَوَاهُ الْحَاكِمُ)

**”ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەش نەرسىنى بەش نەرسىدىن بۇرۇن غەنىيمەت بىل. قېرىشىڭدىن بۇرۇن ياش ۋاقتىڭنى غەنىيمەت بىل. كېسەل بولۇشۇڭدىن بۇرۇن ساقلىقىڭنى غەنىيمەت بىل. پېقىر، يوقسىز بولۇشۇڭدىن بۇرۇن بايلىقىڭنى غەنىيمەت بىل. ئالدىراش بولۇشۇڭدىن بۇرۇن بوش ۋاقتىڭنى غەنىيمەت بىل. ئۆلۈمۈڭدىن بۇرۇن ھاياتىڭنى غەنىيمەت بىل.“ (ئىمام ھاكىم رىۋايەت قىلغان)**

بۇ ھەدىستە ئىنسان ئۆزىنىڭ ھاياتى، تەن ساغلاملىقى، ياشلىق باھارىغا كۆڭۈل بۆلۈشى تەكىتلەنگەن. ھالبۇكى، زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ قىلمىشى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ئۆز ھاياتىنى قەدىرلىمەسلىكتۇر، بەربات قىلىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:

**[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَ سَلَّمَ: مَنْ تَحَسَّى سَمًّا فَقَتَلَ نَفْسَهُ فَسَمُّهُ فِيْ يَدِهِ يَتَحَسَّاهُ فِيْ نَارِ جَهَنَّمَ خَالِدًا فِيْهَا اَبَدًا.]**

**”ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى زەھەر ئىچىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالسا، ئۇ دوزاختا قولىدا كۆتۈرۈۋالغان زەھەرنى ئىچىپ مەڭگۈدىن مەڭگۈگە تۇرىدۇ.“**

بىز يۇقىرىقى ھەدىسلەردىن زەھەرنىڭ بىزنى بەختلىك تۇرمۇشتىن ئايرىپ، ئائىلىمىزنى، بەختلىك تۇرمۇشىمىزنى ۋەيران قىلىپ، سالامەتلىكىمىزگە زىيان سېلىپ، ھاياتىمىزنى خازان قىلىدىغان، بىزنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتتىن قۇرۇق قويىدىغان يامان ئاقىۋەتنى تونۇپ يېتىشىمىز، شۇ ئارقىلىق زەھەر ئىستېمال قىلغۇچىلارنىڭ ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇشى، ياش ئەۋلادلىرىمىزغا زەھەرنىڭ زىيىنىنى سۆزلەپ، بۇ جەھەتتىكى تەربىيەنى كۈچەيتىپ، زەھەرنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆز ھەسسىمىزنى قوشۇشىمىز لازىم. زەھەرگە بولغان تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، زەھەرگە قارىتا بىر مەيدان خەلق ئۇرۇشى قوزغاپ، زەھەرگە مۇناسىۋەتلىك جىنايەتچىلەرگە ئورتاق قارشى تۇرىدىغان ۋە ئۇنى ئورتاق پاش قىلىدىغان جەمئىيەت كەيپىياتىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، خەلقنىڭ ئومۇمىي ساغلاملىقى ۋە بەختەرلىكى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا ئاتلىنىشىمىز لازىم.

بىز مۇسۇلمانلار دىنىمىزنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، دىنىمىزغا ھەم قانۇنغا، ھەم ئادىمىي ئەخلاققا خىلاپ بولغان ئەيدىزدىن ئىبارەت

بۇ بالايىئاپەتتىن پۇتكۇل ئىنسانىيەتنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشىمىز لازىم. بۇ كېسەلنىڭ يۇقۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش مۇسۇلمانلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى. باشقىلارنىڭ ھاياتىنى قوغداپ قېلىشتىنمۇ ئارتۇق ساۋابلىق، ياخشى ئەمەللەر يوق دېيەرلىك بولسا كېرەك. شۇڭلاشقا، ئۆزىنى مۇسۇلمان ساناۋاتقان ھەربىر كىشى بۇنىڭغا ئوخشاش ئەمەلنى شەرەپ دەپ بىلىشى كېرەك. شۇڭا، بىز مۇسۇلمانلار بۇ ئاپەت كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا دەۋرنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولۇشىمىز لازىم. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن:

﴿فَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُ وَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَهُ﴾

**﴿كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇ ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾ (99 ـ سۈرە / زەلزەلە 7 ـ ، 8 ـ ئايەت)**

بىزنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىمىز مەيلى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بولسۇن، باشقىلار كۆرسۇن ياكى كۆرمىسۇن، ھەر قانداق ئەھۋالدا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئىچى بىلەن تېشى، دىلى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولىدىغان تەقۋادار مۇسۇلمانلاردىن بولۇشىمىز لازىم.

ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن پاكىزلىققا ۋە ئەخلاققا رىئايە قىلغاندىلا، ئەيدىزنىڭ يامرىشىنىڭ، يۇقۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. پاكىزلىق ۋە ئەخلاق ئىمان ۋە ئىسلامنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى ۋە ئائىلىمىزدىكىلەرنى ئەيدىزدەك داۋاسىز كېسەللەردىن ساقلىسۇن! كېسەل ئازابىدا ئىڭراپ ياتقان قېرىنداشلىرىمىزغا شىپالىق ئاتا قىلسۇن! ئەيدىز يۇقتۇرىدىغان زىنا، زەھەر ئىستېمال قىلىش قاتارلىق چوڭ گۇناھلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارغا ئىنساب، تەۋپىق، ھىدايەت ئاتا قىلسۇن! پۇلنى دەپ ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ھاياتى بىلەن ئوينىشىپ، زەھەر سېتىۋاتقان ۋە يامان ئىشلارغا ئۇيۇشتۇرۇۋاتقانلارغا ئاللاھ تائالا ئىنساب بەرسۇن. ئۇلارنىڭ ئۆز گۇناھلىرىدىن يېنىپ، مىللەتنىڭ، يۇرتىمىزنىڭ، دۆلىتىمىزنىڭ، جۈملىدىن جەمئىيىتىمىزنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا زىيان سالماسلىقىنى، سالىھ مۆمىنلەردىن بولۇشىنى تىلەيمىز. ئاللاھ ھەممىمىزنى توغرا يولغا باشلىسۇن. ئامىن!

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى تۈزگەن «ۋەز ـ نەسىھەتتە پايدىلىنىش ماتېرىيالى»دىن ئېلىندى.)

# ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

اَلْحَمْدُ للهِ عَلَى كُلِّ حَالِ الْمَوْصُوفِ بِصِفَاتِ الْعَظَمَةِ وَالْجَلَالِ الْأَحَدِ الصَّمَدِ الْحَيِّ الْقَيِّمِ الْكَبِيْرِ الْمُتَعَالِ لَهُ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَى وَالصِّفَاتِ الْعُلَا وَالْمَجْدُ وَالْكَمَالُ وَأَشْهَدُ أَنْ لَا إِلٰهَ إِلا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيْكَ لَهُ تَنَزَّهَ عَنِ الشَّرِيْكِ وَالنَّدِيْدِ وَالْمِثَالِ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُوْلُهُ قُدْوَةُ الْعِبَادِ فِي النِّيَاتِ وَالْأَقْوَالِ وَالْأَفْعَالِ صَلَّى اللهُ وَسَلَّمَ وَبَارَكَ عَلَيْهِ وَعَلَى الصُّحُبِ وَالْآلِ. أما بعد:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِيْنَ ءَامَنُواْ ءَامِنُواْ بِاللهِ وَرَسُوْلِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِىْ نَزَّلَ عَلَى رَسُوْلِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِىْ أَنْزَلَ مِنْ قَبْلُ وَمَنْ يَّكْفُرْ بِاللهِ وَمَلاَئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلاَلاً بَعِيْداً﴾

**﴿ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاللاھ ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ﴾ (4 ـ سۈرە / نىسا 136 ـ ئايەت)**

ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ئىسلام دىنىمىزدىكى بەش پەرزنىڭ بىرىنچىسى بولۇپ، ھەرقانداق بىر ئىنسان ئۆزىنى ياراتقان، يەككە ـ يىگانە ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ئارقىلىق ئاندىن مۇسۇلمان بولىدۇ. شۇنداقلا قالغان تۆت پەرزنى ئادا قىلىش ئارقىلىق تەقۋادار، كامىل مۇسۇلمان بولىدۇ.

ئىنسان ھاياتى ئىمان ۋە كۈرەش دېمەكتۇر. يەر يۈزىدىكى مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى ئىنسان، ئىنساندىكى ئەڭ شەرەپلىك نەرسە ئۇنىڭ قەلبى، قەلبتىكى ئەڭ ئۇلۇغ، شەرەپلىك نەرسە ئىماندۇر. ئىماندىن بېزەلگەن قەلب گۈلىستانلىققا، ئىماندىن خالىي قەلب خارابىلىققا ئوخشايدۇ. ئىماننىڭ ئېپتىداسى ئاللاھنى تونۇش، ئۇنىڭ جەۋھىرى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش. ئاللاھقا بولغان ئىماننى ۋە ئۇنىڭ ۋاجىباتلىرىنى تولۇقلىماقچى بولغان ھەرقانداق كىشى «قۇرئان كەرىم» ۋە

سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن سابىت بولۇپ، ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىمان كەلتۈرۈشتىن بىھاجەت بولالمايدۇ. چۈنكى ئىمانى كامىل ۋە ئېتىقادى توغرا بولماستىن قىلىنغان ئىبادەت ۋە ياخشى ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى بىكاردۇر. ئېتىقادى توغرا بولمىغان كىشىنىڭ ئاللاھقا قىلغان ئىخلاسى ۋە مۇھەببىتىمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل ئەمەستۇر، چۈنكى ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ ئۆزىگە لايىق سىستېمىسى بولىدۇ، ئىخلاس ۋە ئەمەل ئىبادەتنىڭ ئاساسي توغرا ئېتىقادتىن ئىبارەتتۇر.

شۇڭا ئاللاھقا لايىقىدا شۈكۈر ئېيتىش، ئۆز لايىقىدا بەندىچىلىك قىلىپ، ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن توغرا ئېتىقادلارنى ۋە يولىيورۇقلارنى ئۆگىنىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئالاھىدە بۇرچىدۇر. شۇ سەۋەبتىن بىز بۇگۈن ئىماننىڭ جەۋھىرى بولغان ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش توغرىسىدا سۆزلىمەكچىمىز.

ئالدى بىلەن بىز ”ئىمان“ دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئىپادىلەيدىغان ھەقىقي مەنىسىنى چۈشۈنۈپ باقايلى:

ئىمان ــ دىلدا ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش، تىل بىلەن ئۇنى ئىقرار قىلىش ۋە ئەمەللەر ئارقىلىق ئۇنى ئىسپاتلاش دېمەكتۇر.

ئىمان مۆمىننىڭ قەلبىدە ھەق دەپ ئورۇن ئالغان، ئاندىن مۆمىننىڭ قەلبى بۇنىڭدىن خاتىرجەملىككە ئېرىشكەن، ھەمدە ئۆز قەلبىدە ئىماننىڭ جايلىشالىقىدىن كۆڭلى راھەتلەنگەن ۋە شۇنداق بولۇشىغا ھەرۋاقىت ئىنتىلىپ تۇرغان، ئۇنىڭ ئىمانى ئۆز مەۋجۇتلىقىنى ئىسپاتلىغان ۋە ئۇشبۇ ئىمان دەۋاسىنىڭ راستلىقىنى تەستىقلىغان ھالدا قىلغان ئەمەللىرى ئېيتقان ئىمانىغا ماس كەلگەن بولىشىدۇر.

ئىماننىڭ شەرئەت ئىستىمالىدا ئىپادىلەيدىغان مەنىسى تولىمۇ چوڭقۇر بولۇپ، ئىمان ــ ئىسلام دىنىمىزنىڭ تۈپ ئېتىقاد ئاساسلىرىنىڭ ئومۇمي نامى. ئۇ بىزگە ھەقىقەت يولىنى كۆرسەتكۈچى، بىزنى نىجاتلىق ساھىلىغا يەتكۈزگۈچى ماياك. بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چەكسىز بەختكە ئېرىشتۈرگۈچى ئەڭگۈشتەر. ئىنسانلار جەمئىيىتىدە كىشىلەرنى ئادىمىيلىك قەدىر-قىممىتىنى بىلىدىغان،

ئۈمىدۋار، غايىلىك، ئەخلاقلىق ياشاشقا، بىر ـ بىرىگە غەمخورلۇق قىلىشقا ئۈندىگۈچى بىردىنبىر ئامىلدۇر.

ئۇ ئىنسانغا كىشىلىك هاياتتىكى مۇھىم، ئەھمىيەتلىك مەسىلىلەرنى تونۇتىدۇ. ئىنساننى دۇنيادا ئادىل، غۇرۇرلۇق، باتۇر، شەخسىيەتسىز، سەممىي ـ ساداقەتمەن بولغان، بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان، مەيلى ئاشكارا ۋە مەخپىي بولسۇن داۋاملىق تۈردە ئاللاھتىن قورقىدىغان، مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىغا باي بولغان تەقۋادار ئىنسانغا، رەھىمسىزلىك ۋە ئالا كۆڭۈللۈك، كۆرەلمەسلىك قاتارلىق ھەممە رەزىل قىلمىشلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغان ھالال ئىنسانغا، ئولتۇرسا ـ قوپسا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەيدىغان، ھەر ئىشىدا ئىنسانىيەتنىڭ بەختىنى كۆزلەيدىغان، ھەممە گۈزەل خۇلقلارنى ئۆزىگە جەملىگەن چىن ئىنسانغا ئايلاندۇرىدۇ. ئىماننى قەلبىگە سىڭدۈرۈپ تەربىيەلەنگەن ئادەم ھاياتتا پائالىيەتچان، ئىنتىلىشچان، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي بولغان ھەقىقىي ئىنسانغا ئايلىنىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ كاتتا مۇكاپاتىغا نائىل بولىدۇ.

ئىسلام دىنىمىز ئىماننى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش ئاساسىدا شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۈرغۈزۈش بىلەن دىنىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مۇكەممەل ئېتىقاد سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە ئىماننىڭ ئىنسان ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿**إِنَّ الَّذِيْنَ ءَامَنُوْاْ وَعَمِلُواْ الصَّـالِحَاتِ يَهْدِيْهِمْ رَبُّهُمْ بِإِيْمَانِهِمْ تَجْرِيْ مِنْ تَحْتِهِمُ الأَنْهَارُ فِيْ جَنَّاتِ النَّعِيْمِ**﴾

**﴿شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ ئىمانى سەۋەبىدىن، پەرۋەردىگارى ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان نازۇنېمەتلىك جەننەتلەرگە باشلايدۇ﴾ (10 ـ سۈرە / يۇنۇس 9 ـ ئايەت)**

ئىماننىڭ ئىسلام دىنىمىزدا يۇقىرىقىدەك يۈكسەك ئورۇنغا ۋە ئالىي مەرتىۋىگە ئىگە بولغانلىقى ئۇنىڭ ئىسلام دىنىمىزنىڭ جەۋھىرى ۋە روھى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

قىسقىسى، ئىمان مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى بولغان «قۇرئان كەرىم» نى ۋە ئۇنىڭدا بەلگىلەنگەن تۈپ ئەقىدىلەرنى ئېتىراپ قىلىشىنى ۋە ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن ئىشىنىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدىمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق بايانلار كەلگەن:

[عَنْ عُمَرَ بْنُ الْخَطَّابِ قَالَ بَيْنَمَا نَحْنُ عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ذَاتَ يَوْمٍ إِذْ طَلَعَ عَلَيْنَا رَجُلٌ شَدِيدُ بَيَاضِ الثِّيَابِ شَدِيدُ سَوَادِ الشَّعَرِ لَا يُرَى عَلَيْهِ أَثَرُ السَّفَرِ وَلَا يَعْرِفُهُ مِنَّا أَحَدٌ حَتَّى جَلَسَ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَأَسْنَدَ رُكْبَتَيْهِ إِلَى رُكْبَتَيْهِ وَوَضَعَ كَفَّيْهِ عَلَى فَخِذَيْهِ وَقَالَ يَا مُحَمَّدُ أَخْبِرْنِي عَنْ الْإِسْلَامِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الْإِسْلَامُ :أَنْ تَشْهَدَ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ وَأَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَتُقِيمَ الصَّلَاةَ وَتُؤْتِيَ الزَّكَاةَ وَتَصُومَ رَمَضَانَ وَتَحُجَّ الْبَيْتَ إِنْ اسْتَطَعْتَ إِلَيْهِ سَبِيلًا قَالَ صَدَقْتَ قَالَ فَعَجِبْنَا لَهُ يَسْأَلُهُ وَيُصَدِّقُهُ قَالَ فَأَخْبِرْنِي عَنْ الْإِيمَانِ قَالَ أَنْ تُؤْمِنَ بِاللهِ وَمَلَائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَتُؤْمِنَ بِالْقَدَرِ خَيْرِهِ وَشَرِّهِ قَالَ صَدَقْتَ قَالَ فَأَخْبِرْنِي عَنْ الْإِحْسَانِ قَالَ أَنْ تَعْبُدَ اللهَ كَأَنَّكَ تَرَاهُ فَإِنْ لَمْ تَكُنْ تَرَاهُ فَإِنَّهُ يَرَاكَ قَالَ فَأَخْبِرْنِي عَنْ السَّاعَةِ قَالَ مَا الْمَسْئُولُ عَنْهَا بِأَعْلَمَ مِنْ السَّائِلِ قَالَ فَأَخْبِرْنِي عَنْ أَمَارَتِهَا قَالَ أَنْ تَلِدَ الْأَمَةُ رَبَّتَهَا وَأَنْ تَرَى الْحُفَاةَ الْعُرَاةَ الْعَالَةَ رِعَاءَ الشَّاءِ يَتَطَاوَلُونَ فِي الْبُنْيَانِ قَالَ ثُمَّ انْطَلَقَ فَلَبِثْتُ مَلِيًّا ثُمَّ قَالَ لِي يَا عُمَرُ أَتَدْرِي مَنْ السَّائِلُ قُلْتُ اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ قَالَ فَإِنَّهُ جِبْرِيلُ أَتَاكُمْ يُعَلِّمُكُمْ دِينَكُمْ.] (رَوَاهُ مُسْلِمٌ وَالتِّرْمِذِيُّ)

**”ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كۈنى بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىدا ئىدۇق. تويۇقسىز بىزگە چېچى قاپقارا، كىيىملىرى ئاپئاق بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇ ئادەمدە سەپەرنىڭ ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. ھېچقايسىمىز ئۇ كىشىنى تونۇمايتتۇق. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىككى تىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى تىزىغا تەككۈزۈپ، ئىككى ئالقىنىنى ئىككى يوتىسىغا قويۇپ تۇرۇپ: ئى مۇھەممەد، ماڭا ئىسلامنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:**

**ئىسلام دېگەن، بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، ۋە مۇھەممەدنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامىزاندا روزا تۇتۇش، قادىر بولالىغانلار ھەج قىلىشتۇر، دېدى. ئۇ كىشى: راست ئېيتتىڭ، دېدى. بىز ئۇ كىشىنىڭ ئۆزى سورىغان سوئالىغا بېرىلگەن جاۋابنى «راست ئېيتتىڭ» دەپ تەستىقلىغانلىقىدىن ئەجەبلەندۇق. ئۇ كىشى يەنە: ماڭا ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئىمان دېگەن: ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەتكە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتۇر، دېدى. ئۇ كىشى: راست ئېيتتىڭ، دېدى. ئاندىن: ماڭا ئېھساننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئېھسان ئاللاھقا خۇددى ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىشتۇر، گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى ھەمىشە كۆرۈپ تۇرىدۇ، دېدى. ئۇ كىشى: ماڭا قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى توغرىلىق سۆزلەپ بەرگىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: خۇددى ساڭا ئوخشاش مەنمۇ ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، دېدى. ئۇ كىشى: ئۇنداقتا ماڭا قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: دېدەك ئۆزىنىڭ خوجايىنىنى تۇغقان چاغدا؛ يالاڭ ئاياق، يالاڭتۆش، كەمبەغەل پادىچىلار چوڭ بىنالارنى سېلىش بىلەن پەخىرلەنگەن چاغدا قىيامەت يېقىنلاشقان بولىدۇ، دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشى كېتىپ قالدى. مەن ھەيران بولغانچە تۇرۇپ قاپتىمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى ئۆمەر، سوئال سورىغۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ دەپ سورىدى. مەن: ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىلگۇچىدۇر، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ جىبرىئىل بولىدۇ، سىلەرگە دىنىڭلارنى ئۆگەتكىلى كەپتۇ، دېدى.“ (ئىمام مۇسلىم ۋە تىرمىزي رىۋايەت قىلغان)**

ھەممىمىزگە مەلۇم، ھەر قانداق بىر ئىنسان ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، مۆمىن مۇسۇلمان بولىمەن دەيدىكەن، چوقۇم ئۇنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ھەدىستە دېيىلگەن نەرسىلەرگە ئىمان ئېيتىشى زۆرۈردۇر. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىمى ئۆزىنى ياراتقۇچى، يەككە يىگانە، شېرىكسىز ئۇلۇغ رەببى بولغان ئاللاھ سۇبھانە ۋەتەئالانى ئەقلى ۋە نەقلى دەلىللەر بىلەن كۆز ئالدىدا قاراپ تۇرغاندەكلا تونۇشىدۇر. چۈنكى ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئاللاھنى تونۇماي، ئاللاھقا

بولغان ئىمان، ئېتىقادى راستچىل، مۇكەممەل بولماي تۇرۇپ، قىلغان ياخشى ئەمەل ئىبادەتلىرى ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِيْنَ ءَامَنُواْ ءَامِنُواْ بِاللهِ وَرَسُوْلِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِىْ نَزَّلَ عَلَى رَسُوْلِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِىْ أَنْزَلَ مِنْ قَبْلُ وَمَنْ يَّكْفُرْبِاللهِ وَمَلاَئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلاَلاً بَعِيْداً﴾

**﴿ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاللاھ ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ﴾ (4 ـ سۈرە / نىسا 136 ـ ئايەت)**

بۇ ئايەتتە ئىمان كەلتۈرىشىمىز زۆرۈر بولغان مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى تولۇق بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئىشلارنىڭ بىرەرىنىمۇ ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ ئىمان مەسىلىسىدە پەيغەمبەرلەر بىزگە يولباشچى، ئۈلگىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ءَامَنَ الرَّسُولُ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْهِ مِن رَّبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ كُلٌّ ءَامَنَ بِاللهِ وَمَلآئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ لاَ نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِّن رُّسُلِهِ وَقَالُواْ سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ﴾

**﴿پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. ئۇلار: «ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىمان ئېيتىمىز)» دەيدۇ. ئۇلار: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق. ئى رەببىمىز! بىز سېنىڭ مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر قايتىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دەيدۇ﴾ (2 ـ بەقەر / 285 ـ ئايەت)**

مۆمىنلەر، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق بىرلىكىگە، ئۇنىڭغا ھەممە (مەخلۇقاتلارنىڭ) ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق زاتنىڭ يوقلۇقىغا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پەرۋەردىگارنىڭ يوقلۇقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇلار ھەممە پەيغەمبەرلەرگە ئۇلارغا نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىشىنىدۇ. گەرچە

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى بىلەن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىنى ۋە شەرىئىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان بولسىمۇ، مۆمىنلەرنىڭ ئېتىقادىدا پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى راستچىل، توغرا يول تاپقۇچى ۋە توغرا يولغا باشلىغۇچى كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ.

ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش بولسا كىتابقا ئىمان كەلتۈرۈش، پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئايرىلمايدىغان بىر پۈتۈن گەۋدىدۇر.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ ءَامَنُواْ ءَامِنُواْ بِاللّهِ وَرَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِي نَزَّلَ عَلَى رَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِيَ أَنزَلَ مِن قَبْلُ وَمَن يَكْفُرْ بِاللّهِ وَمَلاَئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلاَلاً بَعِيدًا﴾

**﴿ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاللاھ ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ﴾ (4 ـ سۈرە / نىسا 136 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىن بەندىلىرىنى ئىماننىڭ ھەممە تارماقلىرىغا (يەنى ئۇنىڭ ھەممە شاخچىلىرى ۋە رۇكنىلىرىغا ئىشىنىشكە) بۇيرۇيدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ بىر قېتىم قىلغان ئىشنى يەنە قايتىدىن قىلىش ئەمەس بەلكى، ئۇنى تېخىمۇ تولۇقلاش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرغانلىقتۇر. خۇددى مۆمىننى ھەر نامازدا ﴿اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ﴾ **﴿بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن﴾** (1 ـ سۈرە / فاتىھە 6 ـ ئايەت) نى ئوقۇشقا بۇيرۇغانغا ئوخشاش ئۆزىگە ۋە پەيغەمبىرىگە ئىشىنىشكە بۇيرىدى.

ساماۋى كىتابلارنىڭ ھەممىسى ئوخشىمىغان تىللاردا نازىل بولغان ۋە شاخچە ھۆكۈملەردە قىسمەن پەرقلەر مەۋجۇت بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تۈپكى ئىدىيەسى ۋە مەركىزىي نىشانى بىردۇر.

ئاللاھ تائالا تەقۋادارلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿والَّذِيْنَ يُؤْمِنُوْنَ بِمَا أُنْزِلَ إِلَيْكَ وَمَا أُنْزِلَ مِنْ قَبْلِكَ﴾

**﴿ئۇلار ساڭا نازىل قىلىنغان (بۇ) كىتابقا، سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەرلەرگە) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىشىنىدۇ﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 4 ـ ئايەت)**

يۇقىرىقى ئايەتتىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ توغرا يول تېپىشى ئۈچۈن تارىختىن بۇيان نۇرغۇن كىتابلارنى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى. ئىسلام دىنى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ، ئاللاھقا ھەم ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە مۇشۇنداق ئومۇمىي مەنالار بىلەن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ دىنىدۇر.

«قۇرئان كەرىم» ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئۇ كىتابلارنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن چۈشكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ، شۇنداقلا ئۇ كىتابلاردىكى بۇرمىلانغان، قوشۇۋېتىلگەن، ئۆزگەرتىلگەن مەزمۇنلارنى ئۆز ھالىتى بويىچە ئىنسانلارغا تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» يۇقىرىقىدەك بايان ۋە خەۋەرلەر جەملەنگەن، بارلىق كىتابلارنىڭ جەۋھىرى ۋە ئومۇمىي مەنىسى توپلانغان ئەڭ ئاخىرقى كىتاب بولغاچقا، ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان بارلىق كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈش بولسا «قۇرئان كەرىم» گە ئىمان كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. شۇڭا ھازىرقى دەۋردە «قۇرئان كەرىم» دىن باشقا ساماۋى كىتابلارنى تەستىق قىلمايمىز، ئىنكارمۇ قىلمايمىز. پەقەت ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ساماۋى كىتابلارنىڭ چۈشكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىلىدۇ، ئەمما ئەمەل قىلىنمايدۇ.

ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش دېگەندە ئەڭ ئاۋۋال تەۋھىد ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولسا تەۋھىد دېگەن نېمە؟

"تەۋھىد" ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى "شەيئىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى بىلمەك" دېگەنلىك بولىدۇ. دىنىي ئاتالغۇ مەنىسى "ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ھەقىقىي ئىشىنىپ، ئۇنىڭ زاتىغا، سۈپەتلىرىگە، قۇدرىتىگە تەستىق قىلغان ھالدا ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلماق" دېگەنلىك بولىدۇ. تەۋھىد يەنە "ئەقىدە، ئېتىقاد ۋە ئىمان" قاتارلىق ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەتى تەۋھىد ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

تەۋھىد دېگىنىمىز، ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىش، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشىنىش، كىتابلىرىغا ئىشىنىش، پەرىشتىلىرىگە ئىشىنىش، قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىش ۋە تەقدىرگە ئىشىنىش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

شەرىئەت ئەھكاملىرى دېگىنىمىز، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە بېكىتىپ بەرگەن پەرز، ۋاجىب، سۈننەت، مۇستەھەب، ھالال، هارام، مەكرۇھ ۋە مۇباھ قاتارلىق بەلگىلىمىلەرنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلەر ئاشۇ بەلگىلىمىلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، ئىجتىمائىي جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ۋە كىشىلىك ھايات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تونۇۋالالايدۇ.

تەۋھىد دېمەك ئەقىدە دېمەكتۇر. ئەقىدە ھەر بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ داۋاملىق ئىزدىنىپ، ئۆز ـ ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇشىغا، تۇرمۇشىدىكى بارلىق ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنى جايىدا ئورۇنلىشىغا تۈرتكە بولىدىغان، بىزنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشىمىز پەرز بولغان بىر ئىلىم بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى بىلىۋېلىشى ئىنتايىن مۇھىم.

ئىسلامدىكى بارلىق ئەمەللەر بىر تۈپ دەرەخكە ئوخشىسا، ئىمان ئۇنىڭ يىلتىزىدۇر. مۆمىنىنىڭ ئىسلامغا بولغان بارلىق بىلىملىرى قەد كۆتۈرگەن بىر بىنا بولسا، ئەقىدە شۇ بىنانىڭ تەۋرەنمەس ئۇلىدۇر.

ھەر قايسى پەنلەرنىڭ ئۇلۇغلۇق دەرىجىسى ئۆزىنىڭ تەتقىق قىلىدىغان، تونۇشتۇرغان نەرسىسىنىڭ شەرىپى قانچىلىك بولۇشىغا باغلىق بولغان بولسا، بىر مۇسۇلماننىڭ ياراتقان ئىگىسىنى، ئىسلامنى تونۇۋېلىشىغا ئالاقىدار بولغان ئەنە شۇ ئەقىدە ئىلمى ئەڭ شەرەپلىك ئىلىمدۇر.

ئىسلامدىكى ئەقىدىنىڭ مۇھىملىقى ئىنسانغا نىسبەتەن روھقا ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئىمان ۋە ئەقىدىنى ھايات ۋە نۇرغا ئوخشىتىپ مۇنداق دېگەن:

**﴿أَوَ مَنْ كَانَ مَيْتًا فَأَحْيَيْنَاهُ وَجَعَلْنَا لَهُ نُورًا يَمْشِي بِهِ فِي النَّاسِ كَمَن مَّثَلُهُ فِي الظُّلُمَاتِ لَيْسَ بِخَارِجٍ مِّنْهَا كَذَلِكَ زُيِّنَ لِلْكَافِرِينَ مَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ ﴾**

**﴿ئەسلىدە ئۆلۈك (يەنى كافىر) بولۇپ، بىز ئۇنى (ئىمان بىلەن) تىرىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا**

**كىشىلەر ئارىسىدا ھىدايەت تېپىشقا نۇر بەرگەن بىر ئادەم بىلەن زۇلمەتتە قالغان ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان بىر ئادەم ئوخشاشمۇ؟ كافىرلارغا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئەنە شۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى.﴾ (6 ـ سۈرە / ئەنئام 122 ـ ئايەت)**

ئەقىدە ئىنسانلارنىڭ ساغلام تەبىئىتىنىڭ تۈپ ئېھتىياجىدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» مۇنداق دېگەن:

﴿وَإِذْ أَخَذَ رَبُّكَ مِن بَنِي آدَمَ مِن ظُهُورِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَأَشْهَدَهُمْ عَلَى أَنفُسِهِمْ أَلَسْتُ بِرَبِّكُمْ قَالُواْ بَلَى شَهِدْنَا﴾

**﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم باللىرىنى ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقىرىپ ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: «مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېگەندى. ئۇلارمۇ: «ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، بىز گۇۋاھلىق بەردۇق» دېگەن ئىدى.﴾ (7 ـ سۈرە / ئەئراف 172 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[ عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ :كُلُّ مَوْلُوْدٍ يُوْلَدُ عَلَى الْفِطْرَةِ فَأَبَوَاهُ يُهَوِّدَانِهِ أَوْ يُنَصِّرَانِهِ أَوْ يُمَجِّسَانِهِ.] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**"ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا ھەر بىر ئىنسان ئەۋلادىنى ئاللاھنى تونۇشتىن ئىبارەت توغرا ئەقىدە (ساغلام خاراكتېر) ئۈستىدە يارىتىدۇ، بىراق ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يا يەھۇدىي قىلىدۇ، ياكى خىرىستىيان قىلىدۇ، ياكى مەجۇسىي قىلىدۇ." (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان)**

## تەۋھىدنىڭ تۈرلىرى

ئىسلام دىنى بىر خۇدالىق دىن بولۇپ، كىشىلەرنى بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئىسلام دىنىغا ئىشىنىش قارىغۇلارچە بولماستىن، بەلكى ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن بولىدۇ، ئىسلام دىنىغا ئىشىنىش بىر قانچە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاللاھنى تونۇش ئىسلام دىنىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداقتا بىز ئاللاھنى قانداق تونۇيمىز؟ ئاللاھنى تونۇشنىڭ ئاساسى نېمە؟

ئاللاھ تائالا دۇنيادىكى ھەممە مۆجىزاتلارنى ياراتقۇچى، پەقەت «قۇرئان كەرىم»دە مەلۇم بولغان ۋە ئاللاھنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدا ياراتقان مۆجىزىلىرى ئارقىلىقلا بىز ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، شۇ بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىنى، ئاللاھنىڭ پۈتۈن ئالەمنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ھەممە جايدا داۋاملىق مۇستەسناسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

«قۇرئان كەرىم» نىڭ تەشەببۇس قىلىدىغىنى ”پۈتكۈل ئالەمنى بىرلا ئاللاھ يالغۇز ياراتقان“ لىق قىممەت قارىشى بولغاچقا، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى ”ھەممىنىڭ ئىگىسى بىرلا ئاللاھ“ دېگەن پىرىنسىپتۇر. بىز شۇ بىرلىك ئاساسىدا ئاللاھنى تونۇشقا مۇيەسسەر بولالايمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۈچ مۇھىم نۇقتىنى مەھكەم ئىگىلىشىمىز ۋە تونۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ:

**1. تەۋھىدى رۇبۇبىيەت**

ئاللاھ تائالا ھەممە شەيئىنىڭ پەرۋەردىگارى، پەرۋىش قىلغۇچىسى، ئاللاھتىن باشقا پەرۋەردىگار، پەرۋىش قىلغۇچى يوق دەپ چىن ئېتىقاد قىلىش، يەنى مەخلۇقاتلارنى يارىتىش، ئۇلارغا رىزىق بېرىش، ئۇلارغا ھاياتلىق بەخش ئېتىش، ئۇلارغا ئەجەل يەتكەندە ئۇلارنى قەبزى روھ قىلىش قاتارلىق ئاللاھقا خاس ئىشلاردا ئاللاھنى يەككە-يېگانە دەپ ئېتىقاد قىلىش.

**2. تەۋھىدى ئۇلۇھىيەت**

ھەقىقىي ئىلاھ بىرلا، بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق دەپ چىن قەلب بىلەن ئېتىقاد قىلىش، بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، يەنى ناماز، روزا، ھەج، زاكات ۋە ئاللاھ تائالا بىزگە بۇيرۇغان ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق ئىبادەتلەرنى ھېچقانداق غەرەز ئارىلاشمىغان ھالدا يالغۇز ئاللاھ ئۈچۈنلا قىلىش.

**3. تەۋھىدى ئەسمائى ۋەسسىفات**

ئاللاھ تائالانى ئۆزىنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرىدە يېگانە دەپ بىلىش.

## ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقاننىڭ ئىپادىلىرى

ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿هُوَ اللهُ الَّذِي لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْمَلِكُ الْقُدُّوسُ السَّلَامُ الْمُؤْمِنُ الْمُهَيْمِنُ الْعَزِيزُ الْجَبَّارُ الْمُتَكَبِّرُ سُبْحَانَ اللهِ عَمَّا يُشْرِكُونَ هُوَ اللهُ الْخَالِقُ الْبَارِئُ الْمُصَوِّرُ لَهُ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَى يُسَبِّحُ لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾

**﴿ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، ئۇ مۇتلەق پادىشاھتۇر، ھەممە نۇقسانلاردىن پاكتۇر، ساغلاملىق ئىگىسىدۇر، ئەمىنلىك ئاتا قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىدىن غالىبتۇر، قەھر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر، مۇشرىكلار شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلەردىن پاكتۇر. ئاللاھ ھەممىنى ياراتقۇچىدۇر، يوقلۇقتىن پەيدا قىلغۇچىدۇر، ھەممە نەرسىگە شەكىل بەرگۈچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ھەممىدىن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾ (59 ـ سۈرە / ھەشر 23 ـ ، 24 ـ ئايەت)**

ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئەمەلىي دەلىلى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى مەقسەت قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن ھالقىمىغان ھالدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

﴿قُلْ إِن كُنتُمْ تُحِبُّونَ اللهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللهُ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَ اللهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ قُلْ أَطِيعُواْ اللهَ وَالرَّسُولَ فإِن تَوَلَّوْاْ فَإِنَّ اللهَ لاَ يُحِبُّ الْكَافِرِينَ﴾

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان بولساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئېيتقىنكى، ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار. ئەگەر ئۇلار ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتسا، ئاللاھ بۇنداق كافىرلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ﴾ (3 ـ سۈرە / ئال ئىمران 31 ـ ، 32 ـ ئايەت)**

بۇ ئايەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ئىسلام يولى بىلەن ماڭماي، ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان ھەر قانداق كىشىنىڭ (گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن شەرىئەت ۋە دىنغا ئەگەشمىگىچە، ئۇنىڭ قىلغان دەۋاسىدا يالغانچى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

[عَنْ عَائِشَـةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: مَنْ أَحْدَثَ فِي أَمْرِنَا هَذَا مَا لَيْسَ فِيهِ فَهُوَ رَدٌّ.] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**”ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزدا (يەنى دىنىمىزدا) يوق نەرسىنى پەيدا قىلسا، ئۇ ئىش رەت قىلىنىدۇ.“ (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان)**

ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلغۇچى ۋە بۇ ئارقىلىق ئاللاھقا بولغان ئىمانىنى ۋە مۇھەببىتىنى كۈچەيتكۈچى ئىنسان ھەقىقىي ئەقىل ئىگىسىدۇر.

﴿إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَٰوَاتِ وَالأَرْضِ وَاخْتِلاَفِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لآيَاتٍ لِّأُوْلِي الألْبَـٰبِ﴾

**﴿شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە روشەن دەلىللەر بار﴾ (3 ـ سۈرە / ئال ئىمران 190 ـ ئايەت)**

يەنى ئېگىزلىكى، كەڭلىكى، تۆۋەنلىكى، قاتتىقلىقى ۋە ئاسمان ـ زېمىن ئارىلىقىدىكى سەييارىلار، تۇرغۇن يۇلتۇزلار، (زېمىندىكى) دېڭىزلار، تاغلار، چۆل ـ باياۋانلار، دەل ـ دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەر، زىرائەتلەر، يەل ـ يېمىشلار، ھايۋاناتلار، يەر ئاستى بايلىقلىرى ۋە رەڭگى، پۇرىقى، تەمى ۋە خۇسۇسىيىتى ئوخشاش بولمىغان پايدىلىق نەرسىلەر، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى ۋە ئىككىسىنىڭ ئۇزۇن قىسقا بولۇشى ۋە باراۋەر بولۇشلىرىنىڭ ھەممىسى غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، بۈيۈك ئاللاھ تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدۇر. مەزكۇر نەرسىلەر، بۇ ھەقتە ياخشى ئويلىنالمايدىغان نادانلاردەك ئەمەس، بەلكى، ھەر قانداق نەرسىنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنەلەيدىغان، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق ـ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئوچۇق ئالامەتلەردۇر.

ئاللاھ تائالا ئەقىلسىز، نادانلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق ـ بىرلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئوچۇق پاكىتلارنى كۆرسىمۇ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدىغان،

ئۆزىنىڭ زاتىنى، سۈپەتلىرىنى، يولغا قويغان ئىشلىرىنى، تەقدىرىنى ئۇقتۇرىدىغان قىلىپ ياراتقان نەرسىلەر بىلەن ئىبرەت ئالمىغان كىشىلەرنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېدى:

﴿وَكَأَيِّن مِّن آيَةٍ فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ يَمُرُّونَ عَلَيْهَا وَهُمْ عَنْهَا مُعْرِضُونَ، وَمَا يُؤْمِنُ أَكْثَرُهُمْ بِاللّهِ إِلاَّ وَهُم مُّشْرِكُونَ﴾

**﴿ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ) نۇرغۇن ئالامەتلىرى باركى، ئۇلار ئۇنىڭ يېنىدىن پەرۋا قىلماي ئۆتۈپ كېتىدۇ ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى ئاللاھقا ئىشەنمەيدۇ، ئىشەنگەندىمۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدۇ﴾ (12 ـ سۈرە / يۇسۇف 105 ـ ، 106 ـ ئايەت)**

ئاندىن ئاللاھ تائالا ئەقىل ئىگىلىرىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېدى:

﴿الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللّهَ قِيَامًا وَقُعُودًا وَعَلَىَ جُنُوبِهِمْ وَيَتَفَكَّرُونَ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَذا بَاطِلاً سُبْحَانَكَ فَقِنَا عَذَابَ النَّارِ﴾

**﴿ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «ئى رەببىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ. سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن»﴾ (3 ـ سۈرە / ئال ئىمران 191 ـ ئايەت)**

يەنى ئۇلار ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئىچىدىكى ئالامەتلەرنى، ياراتقۇچىنىڭ كاتتىلىقىنى، ئۇنىڭ قۇدرىتىنى، ئۇنىڭ بىلىمىنى، ئۇنىڭ ھېكمىتىنى، ئۇنىڭ تاللىشىنى ۋە ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۇقتۇرىدىغان ھېكمەتلەرنى چۈشىنىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن بىرى بولغان ھامام مەيمۇنەنىڭ قېشىدا قونۇپ قالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرى بىلەن بىرەر سائەتچە پاراڭلىشىپ ئاندىن ئۇخلاپ قالدى. كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرى بولغاندا (قوپۇپ) ئولتۇرۇپ، ئاسمانغا قاراپ:

﴿إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَاخْتِلاَفِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لآيَاتٍ لِّأُوْلِي الألْبَابِ﴾

**﴿شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ**

نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە روشەن دەلىللەر بار﴾ (3 ـ سۈرە / ئال ئىمران 190 ـ ئايەت)

دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. كېيىن قوپۇپ تاھارەت ئالدى ۋە تاھارەت نامىزىنى ئوقۇدى. ئاندىن 11 رەكئەت تەھەججۇد نامىزى ئوقۇدى، بىلال ئەزان ئېيتقاندىن كېيىن ئىككى رەكئەت بامداتنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇپ بولۇپ چىقىپ، كىشىلەرگە بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بەردى. (ئىمام بۇخاريي رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى بەك كۆپ تەپەككۇر قىلاتتى. يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ:

ئەتا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن، ئىبنى ئۆمەر ۋە ئۇبەيدە ئىبنى ئۇمەير ئۈچىمىز ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا ماڭدۇق. بىز ئۇنىڭ قېشىغا كىرگەندە، بىز بىلەن ئۇنىڭ ئارىلىقىدا پەردە بار ئىدى. ئىبنى ئۆمەر: مەقسەتكە كەلسەك، سىز بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كۆرگەن، سىزنى ئەڭ ھەيران قالدۇرغان ئىشتىن بىرنى دەپ بەرگەن بولسىڭىز، دېدى. ئائىشە يىغلاپ تۇرۇپ: ئۇنىڭ ھەممە ئىشى ھەيران قالارلىق ئىدى. بىر كۈنى كېچىسى ئۇ ماڭا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلغىلى قويۇشۇمنى سورىدى. ئاندىن مەن: ئاللاھ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، شەكسىز مەن سىلىنىڭ (ئاللاھ تائالاغا) يېقىنچىلىق قىلىشلىرىنى ۋە پەرۋەردىگارلىرىغا ئىبادەت قىلىشلىرىنى ياخشى كۆرىمەن، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ (ئاللاھقا) ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ تاھارەت ئالدى، تاھارىتى ئۈچۈن سۇنى كۆپ ئىشلەتمىدى. ئاندىن ناماز ئوقۇدى، (نامازدا) يىغلىدى. يىغىدىن ھەتتا ساقاللىرى ھۆل بولۇپ كەتتى. ئاندىن سەجدىگە باردى، يەنە يىغلىدى. ھەتتا يەرنى ھۆل قىلىۋەتتى، كېيىن يېنىچە يېتىپ ھەتتا بىلال كېلىپ، بامدات نامىزىغا ئەزان ئېيتقۇچە يىغلىدى. ئاندىن بىلال: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! نېمە ئۈچۈن شۇنچە يىغلايسەن؟ ھەقىقەتەن ئاللاھ سېنىڭ ئىلگىرى قىلغان ۋە كېيىنكى قىلىپ قېلىش مۇمكىن بولغان گۇناھلىرىڭنى كەچۈرىۋەتكەن تۇرسا؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى بىلال! ساڭا ۋاي! مېنى يىغلىشىمدىن نېمە توسۇپ قالىدۇ؟ ھەقىقەتەن ماڭا بۈ كېچە ئاللاھ

تائالانىڭ: ﴿إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَاخْتِلاَفِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لآيَاتٍ لِّأُوْلِي الألْبَابِ﴾ **﴿شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە روشەن دەلىللەر بار﴾ (3 ـ سۈرە / ئال ئىمران 190 ـ ئايەت)** دېگەن ئايىتى چۈشتى دەپ، بۇ ئايەتنى ئوقۇپ ۋە ئۇنىڭ (مەنىسى ھەققىدە) ئويلانمىغان كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي!» دېدى. (ئىبنى مەردەۋەي رىۋايەت قىلغان)

ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ھەقىقىي ئىشەنگەن كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ اللهُ وَجِلَتْ قُلُوبُهُمْ وَإِذَا تُلِيَتْ عَلَيْهِمْ آيَاتُهُ زَادَتْهُمْ إِيمَانًا وَعَلَى رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ﴾

**﴿ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۈل قىلىدىغان كىشىلەرلا كامىل مۆمىنلەردۇر﴾ (8 ـ سۈرە / ئەنفال 2 ـ ئايەت)**

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: **﴿دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان﴾** يەنى ئاللاھ تائالا ياد ئېتىلسە، ئۇلار ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ ۋۇجۇدى تىترەيدۇ. ئىمام سۇددى مۇنداق بايان قىلىدۇ: بۇ مۆمىنىنىڭ سۈپىتىدۇر، مۆمىن ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلسا قورقۇنچتىن دىلى تىترەپ تۇرۇش مۆمىنگىلا لايىق سۈپەتتۇر. يەنى ئۇلار ئاللاھ تائالانى ياد ئەتسە ئۇنىڭدىن قورقىدۇ. ئۇنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئورۇنلايدۇ. توسقان ئىشلىرىنى تەرك ئېتىدۇ.

﴿وَأَمَّا مَنْ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِ وَنَهَى النَّفْسَ عَنِ الْهَوَى، فَإِنَّ الْجَنَّةَ هِيَ الْمَأْوَى﴾

**﴿پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ سوراققا تارتىلىشتىن قورقىدىغان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ﴾ (79 ـ سۈرە / نازىئات 40 ـ ، 41 ـ ئايەت)**

بۇ ئايەت ھەققىدە ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇناپىقلار پەرز ئىبادەتلىرىنى قىلىۋاتقان چاغدا، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش دېگەن نەرسە

كىرمەيدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىدىن ھېچ نەرســـىگە ئىمان ئېيتمايدۇ. ئاللاھ تـائـالاغـا تەۋەككۇل قىلمـايـدۇ. خـالـيـ يەرلەردە نـامـاز ئوقۇمايدۇ. مال ـ مۈلكىنىڭ زاكىتىنى بەرمەيدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ مۆمىن ئەمەسلىكىنى خەۋەر قىلدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَإِذَا مَآ أُنزِلَتْ سُورَةٌ فَمِنْهُم مَّن يَقُولُ أَيُّكُمْ زَادَتْهُ هَذِهِ إِيمَانًا فَأَمَّا الَّذِينَ ءَامَنُواْ فَزَادَتْهُمْ إِيمَانًا وَهُمْ يَسْتَبْشِرُونَ﴾

**﴿بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) نىڭ ئارىسىدا: «بۇ سۈرە قايسىڭلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىپتۇ؟» دەيدىغانلار بار. مۆمىنلەرگە نىسبەتەن بۇ سۈرە ئۇلارنىڭ ئىمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى، ئۇلار بۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ كېتىدۇ﴾ (9 ـ سۈرە / تەۋبە 124 ـ ئايەت)**

ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈپ ئىمانىدا مۇســـتەھكەم تۇرغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتى ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ الَّذِينَ قَالُوا رَبُّنَا اللهُ ثُمَّ اسْتَقَامُوا تَتَنَزَّلُ عَلَيْهِمُ الْمَلَائِكَةُ أَلَّا تَخَافُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَأَبْشِرُوا بِالْجَنَّةِ الَّتِي كُنتُمْ تُوعَدُونَ. نَحْنُ أَوْلِيَاؤُكُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَفِي الْآخِرَةِ وَلَكُمْ فِيهَا مَا تَشْتَهِي أَنفُسُكُمْ وَلَكُمْ فِيهَا مَا تَدَّعُونَ، نُزُلًا مِّنْ غَفُورٍ رَّحِيمٍ﴾

**﴿شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھتۇر» دېگەن، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستۇڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار، بۇلار ناھـايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، نـاھـايىتى مېھرىبـان ئـاللاھ تەرىپىـدىن تەييارلانغـان زىياپەتتۇر» دەيدۇ﴾ (41 ـ سۈرە / فۇسسىلەت 30~32 ـ ئايەت)**

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: اَلْجَنَّةُ بِنَاءُهَا لَبْنَةٌ مِنْ فِضَّةٍ وَلَبْنَةٌ مِنْ ذَهَبٍ وَمِلَاطُهَا الْمِسْكُ الْأَذْفَرُ وَحُصبَاؤُهَا اللُّؤْلُؤُ وَالْيَاقُوتُ وَتُرْبَتُهَا الزَّعْفَرَانُ مَنْ يَدْخُلُهَا يُنْعَمُ لاَ يَبْأَسُ وَيَخْلُدُ لاَ يَمُوتُ لاَ تَبْلِي ثِيَابُهُمْ وَلاَيَفْنِي شَبَابُهُمْ.] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

”ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: جەننەتنىڭ بىنالىرى بىر خىشى كۈمۈشتىن، بىر خىشى ئالتۇندىن، بۇ خىشلارغا قويۇلغان لايلىرى خۇشپۇراق ئىپار ـ ئەنبەردۇر. نەقىش تاشلىرى بولسا گۆھەر مارجان ـ ياقۇتتۇر. تۇپرىقى زەپىراندۇر. جەننەتكە كىرگەن كىشى مەڭگۈ نېئمەتتە لەززەت ئالىدۇ، جاپا ـ مۇشەققەت تارتمايدۇ، مەڭگۈ قالىدۇ، ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، كىيىم ـ كېچەكلىرى كونىرىمايدۇ، ياشلىقى تۈگەپ كەتمەيدۇ، مەڭگۈ ياش تۇرىدۇ.“ (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

دېمەك، بىز تەۋھىد ئىلمىنىڭ ئىسلام دىنى ئىلىملىرىنىڭ ئاساسى ۋە ئەڭ ئەۋزەللى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دىني ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ۋاقتىمىزدا، ئۇنى ياخشى ئۆگىنىشنىڭ، ئىنچىكە تەتقىق قىلىشنىڭ تېخىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.

ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى ئاللاھقا ھەقىقي ئىمان ئېيتقانلار قاتارىدا قىلسۇن، ئىلگىرى ـ كېيىن، بىلىپ ـ بىلمەي قىلىپ سالغان گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلسۇن، ئۇستازلىرىمىزنى، ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنى، ئەر ـ ئايال بارلىق مۆمىن ـ مۇسۇلمانلارنى مەغپىرەت قىلسۇن، بىزنى ئىمان بىلەن كېتىشكە نېسىپ قىلسۇن، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان نازۇنېمەتلىك جەننەتلىرىگە لايىق بولغان مۆمىن مۇسۇلمانلاردىن بولۇشقا مۇيەسسەر قىلسۇن، ئاخىرەتتە پەيغەمبەرلەر بىلەن بىر سەپتە ھەشىر قىلىنىشقا نېسىپ قىلسۇن!

آمَنَ الرَّسُولُ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْهِ مِن رَّبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ كُلٌّ آمَنَ بِاللهِ وَمَلآئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ لاَ نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِّن رُّسُلِهِ وَقَالُواْ سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ رَبَّنَا لاَ تُؤَاخِذْنَا إِن نَّسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا رَبَّنَا وَلاَ تَحْمِلْ عَلَيْنَا إِصْرًا كَمَا حَمَلْتَهُ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِنَا رَبَّنَا وَلاَ تُحَمِّلْنَا مَا لاَ طَاقَةَ لَنَا بِهِ وَاعْفُ عَنَّا وَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَآ أَنتَ مَوْلاَنَا فَانصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ. آمين!

# هالال ـ هارام توغرىسىدا

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِيْ أَحَلَّ لِعِبَادِهِ الطَّيِّبَاتِ، وَأَدَرَّ عَلَيْهِمْ مِنْ أَصْـنَافِ الْأَرْزَاقِ وَالْأَقْوَاتِ، وَحَرَّمَ عَلَيْهِمْ مَا يَكُوْنُ بِهِ ضَرَرٌ فِيْ أَبْدَانِهِمْ وَعُقُوْلِهِمْ وَأَدْيَانِهِمْ، وَأَحَاطَ بِكُلِّ شَيْءٍ عِلْمًا، وَوَسِعَ كُلَّ شَيْءٍ رَحْمَةً وَحِكْمًا. وَأَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلٰـــهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُوْلُهُ الْبَشِيْرُ النَّذِيْرُ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَعَلَى آلِهِ وَأَصْحَابِهِ، وَمَنْ تَبِعَهُمْ بِإِحْسَانٍ إِلَى يَوْمِ الدِّيْنِ. أَمَّا بَعْدُ:

قوله تعالى: ﴿وَلاَ تَقُولُواْ لِمَا تَصِفُ أَلْسِنَتُكُمُ الْكَذِبَ هَـذَا حَلاَلٌ وَهَـذَا حَرَامٌ لِّتَفْتَرُواْ عَلَى اللهِ الْكَذِبَ إِنَّ الَّذِينَ يَفْتَرُونَ عَلَى اللهِ الْكَذِبَ لاَ يُفْلِحُونَ﴾

**﴿سىلەر بايان قىلىۋاتقان نەرسىلەر ئۈستىدە ئاغزىڭلارغا كەلگەنچە: «بۇ هالال، ئۇ هارام» دېمەڭلار. چۈنكى بۇنداق دېسەڭلار ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغان بولىسىلەر. ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغۇچىلار ھەقىقەتەن مەقسەتكە ئېرىشەلمەيدۇ﴾ (16 ـ سۈرە / نەھل 116 ـ ئايەت)**

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، هۆرمەتلىك جامائەتلەر !

ئىسلام دىنى ئاخىرقى ساماۋى دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر قايسى زامان ۋە ماكاندىكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شەخس ۋە جەمئىيەتكە پايدىلىق ھەرقانداق ئىشقا بۇيرىغان، يامان ۋە زىيانلىق ھەرقانداق ئىشتىن توسقان. بۇ يەردىكى بۇيرۇلغان ياخشىلىقلار ۋە توسۇلغان يامانلىقلار بىۋاستە هالال ـ هارام مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئىسلام دىنىدا هالال ـ هارام ئۇقۇمى ئاددىي ۋە ئېنىق بولۇش بىلەن بىرگە ئاسمان ـ زېمىن ۋە تاغلار ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان، ئىنسانلارلا ئۆز ئۈستىگە ئالغان كاتتا ئامانەتتۇر. بۇ ئامانەت ئىلاھى تەكلىپلەر ئامانىتى ۋە

يەر يۈزىدە ئاللاھقا ۋاكالىتەن ئىز باسارلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش ئامانىتىدۇر. ئىنسان شۇ مەسئۇلىيەت ئاساسىدا مۇكاپاتلىنىدۇ، ياكى جازالىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرەتكە ئىشەنگەن ھەرقانداق كىشى ھاياتى دۇنيادا ھالال ـ ھارام مەسىلىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئەستايىدىل ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى لازىم. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تۆۋەندە ئىسلام دىنىدىكى ھالال ـ ھارام توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ھالال — ئاللاھ تەرىپىدىن قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان، چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان نەرسىدۇر.

ھارام — ئاللاھ تەرىپىدىن كەسكىن بۇيرۇق بىلەن قىلىنىشى چەكلەنگەن نەرسە بولۇپ، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچى ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ جازالىشىغا دۇچار بولىدۇ، بەلكى دۇنيادىمۇ شەرئى جازاغا تارتىلىشى مۇمكىن .

## ھالال ـ ھارام قىلىش پەقەت ئاللاھنىڭلا ھەققىدۇر

ئاللاھ ياراتقان پۈتۈن نەرسىلەر ئەسلىدە ھالالدۇر، ئۇچۇق ۋە ئىشەنچلىك دەلىل ـ ئىسپات ئارقىلىق ئاللاھ تەرىپىدىن ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن باشقا ھارام نەرسە يوقتۇر، ئەگەر بىر نەرسىنىڭ ھاراملىقىغا ئۇچۇق، ئىشەنچلىك دەلىل بولمىسا، ئۇ نەرسە ئەسلىگە ئاساسەن ھالال ۋە مۇباھدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەرقانداق نەرسىنى كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئەسلىدە ھالال ۋە مۇباھ قىلىپ ياراتقانلىقى ھەققىدە «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن:

﴿هُوَ الَّذِي خَلَقَ لَكُمْ مَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا﴾

**﴿ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر ئۈچۈن ياراتتى﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 29 ـ ئايەت)**

﴿وَسَخَّرَ لَكُم مَّا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا مِّنْهُ﴾

**﴿ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز مەرھەمىتىدىن سىلەرنىڭ مەنپەئەتلىنىشىڭلار ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەردى﴾ (45 ـ سۈرە / جاسىيە 13 ـ ئايەت)**

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەرنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئىلاھى ھېكمىتى بىلەن ئېنىق ھۆكۈملەر ئارقىلىق ھارام قىلغان ياكى چەكلىگەنلىرىدىن باشقا بارلىق نەرسىلەرنى بىزگە نېمەت قىلىپ بەرگەن تۇرسا كىممۇ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بۇ نەرسىلەرنى ھارام قىلىپ چەكلەپ ئىنسانلارنى بۇ نېمەتلەردىن مەھرۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالىسۇن؟!

ئاللاھ تائالا پەقەت بىر پۈتۈن ھالەتتە بولغان بۇ نېمەتلەردىن بەزىبىر قىسمىنىلا مەلۇم ھېكمەتلەرگە ئاساسەن ھارام قىلغان، بۇ سەۋەبتىن ئىسلام شەرىئىتىدە ھارامنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن تارىيىپ، ھالالنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كېڭەيدى.

چۈنكى ھارام قىلىشقا بىزگە ئۇچۇق ۋە ئىشەنچلىك دەلىللەر بەك ئاز بولغاچقا، ھالال ياكى ھاراملىقىغا دەلىل كەلمىگەن ھەرقانداق نەرسە ئەسلى ھالاللىق ھالىتىدە يەنى ئىلاھى كەچۈرۈم دائىرىسىدە قېلىۋېرىدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

**[عَنْ أَبِي الدَّرْدَاءِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: مَا أَحَلَّ اللهُ فِي كِتَابِهِ فَهُوَ حَلاَلٌ، وَمَا حَرَّمَ فَهُوَ حَرَامٌ، وَمَا سَكَتَ عَنْهُ فَهُوَ عَفُوٌّ، فَاقْبِلُوا مِنَ اللهِ عَافِيَتَهُ، فَإِنَّ اللهَ لَمْ يَكُنْ لِيَنْسَى شَيْئاً ] ، ثُمَّ تَلاَ: ﴿ وَمَا كَانَ رَبُّكَ نَسِيًّا ﴾] ( رَوَاهُ الْحَاكِمُ )**

**”ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا قۇرئاندا ھالال قىلغىنى ھالال، ھارام قىلغىنى ھارامدۇر. سۈكۈت قىلغانلىرى بولسا ئاللاھ تائالانىڭ كەچۈرۈمىدۇر، ئاللاھنىڭ بۇ كەچۈرۈمىنى قوبۇل قىلىڭلار! ئاللاھ ھېچ نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭ ھېچ نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.﴾“ (ئىمام ھاكىم رىۋايەت قىلغان)**

دېمەك بىز ھارامدىن ساقلىنىش بىلەن بىرگە، ھالال ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشىمىز، بىزگە ھالال-ھاراملىقى ئېنىق بايان قىلىنمىغان نەرسىلەرنى ئاللاھنىڭ بىزلەرگە قىلغان كەڭچىلىكى ۋە رەھمىتى دەپ بىلىپ بۇ نەرسىلەر ھەققىدە بەك كۆپ تالاش-تارتىش قىلماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي ثَعْلَبَةَ الْخُشَنِيِّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ : إِنَّ اللهَ تَعَالَى فَرَضَ فَرَائِضَ فَلاَ تُضَيِّعُوهَا، وَحَدَّ حُدُودًا فَلاَ تَعْتَدُوهَا، وَحَرَّمَ أَشْيَاءَ فَلاَ تَنْتَهِكُوهَا، وَسَكَتَ عَنْ أَشْيَاءَ رَحْمَةً لَكُمْ غَيْرَ نِسْيَانٍ فَلاَ تَبْحَثُوا عَنْهَا.] (رَوَاهُ الدَّارَقُطْنِيُّ)

**”ئەبۇ سەئلەبە ھۇشەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاھ سىلەرگە مەلۇم پەرزلەرنى پەرز قىلدى، ئۇنى زايا قىلماڭلار. چېگرا بەلگىلەپ بەردى، ئۇنىڭدىن ھالقىماڭلار. يەنە بەزى نەرسىلەرنى ئۇنتۇغانلىقتىن ئەمەس بەلكى سىلەرگە رەھمەت قىلغانلىقتىن سۈكۈت قىلدى (يەنى ئۇچۇق بايان قىلمىدى) ئۇنى ئىزدىمەڭلار.“ (ئىمام دارىقۇتنى رىۋايەت قىلغان)**

بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك نەرسىلەرنىڭ ئەسلى ھالاللىق سۈپىتى ماددىي نەرسىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئادەت ياكى مۇئامىلە قاتارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، ئادەت ۋە مۇئامىلىلەردىمۇ ئاللاھ ھارام قىلغاندىن باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەسلىدىكى ھالاللىق ۋە مۇباھلىق ھۆكمىدە تۇرۇۋېرىدۇ. ئاللاھ «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَقَدْ فَصَّلَ لَكُم مَّا حَرَّمَ عَلَيْكُمْ﴾

**﴿ئاللاھ سىلەرگە ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ئۇچۇق بايان قىلدى﴾ (6 ـ سۈرە / ئەنئام 119 ـ ئايەت)**

بۇ ئايەت پۈتۈن ماددا ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەرگە ئومۇمىيدۇر. ئەمما دىندا بەلگىلەنگەن ئىبادەتلەر بولسا دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئېنىق دەلىللەر ئارقىلىق چەكلەنمىگەننىڭ ھەممىسى توغرا ئىبادەت ھېسابلانمايدۇ. بەلكى توغرا ئىبادەت بولۇشى ئۈچۈن شۇ قىلىنۋاتقان ئىشنى ئاللاھ ھەمدە ئاللاھنىڭ رەسۇلى كۆرسەتكەن كۆرسەتمىگە ئۇيغۇن بولغان شەرئىي ئىبادەت ئىكەنلىكىگە ئېنىق دەلىل ۋە ھۆكۈم بولغان بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقىسى بىدئەتتۇر. چۈنكى ئىبادەتلەر پەقەت ۋەھيى يولى بىلەنلا يەتكۈزۈلىدىغان دىننىڭ ساپ كۆرسەتمىسىدۇر. بۇ توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ عَائِشَـةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: مَنْ أَحْدَثَ فِي أَمْرِنَا هَذَا مَا لَيْسَ فِيهِ فَهُوَ رَدٌّ.] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**”ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزدا (يەنى دىنىمىزدا) يوق نەرسىنى پەيدا قىلسا، ئۇ ئىش رەت قىلىنىدۇ.“ (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان)**

بۇنىڭغا ئاساسەن دىنىنىڭ ھەقىقىتى ئىككى نەرسىدە گەۋدىلىنىدۇ.

1. ئاللاھدىن باشقىغا ئىبادەت قىلماسلىق ۋە ئىبادەت قىلىشتا ئاللاھ ئۆزى كۆرسەتكەن يول بويىچە ئىبادەت قىلىش.

2. ھەرقانداق بىر كىشى — مەيلى ئۇ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر — ئۆز يېنىدىن بىرەر ئىبادەتنى پەيدا قىلسا ئۇنىڭ بۇ ئازغۇنلىقى قەتئىي رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى جانابىي ئاللاھ ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىبادەتلەرنى يولغا قويۇشتا بىردىنبىر ھوقۇق ئىگىسىدۇر. ئەمما ئادەت ۋە مۇئامىلە ئىشلىرىنى ئىنسانلار ئۆزلىرى تۈزۈپ شۇ بويىچە ئىش قىلغان. ئاللاھ بۇلارنىڭ خاتا يەرلىرىنى توغرىلاپ ۋە نورماللاشتۇرۇپ تەرتىپكە سالغان ۋە شۇنداقلا زىيان-زەخمەت ۋە بۇزۇقچىلىقتىن خالىي بولغانلىرىنى تەستىقلىغان.

شەرىئەت ئاساسلىرىنى كۆزىتىش ئارقىلىق شۇنى بىلىمىزكى، ئاللاھ بۇيرۇغان ۋە ياقتۇرغان ئىبادەتلەر پەقەت ئاللاھنىڭ بەلگىلىشى بىلەنلا ئىسپاتلىنىدۇ. شۇڭا ئاللاھنىڭ بەلگىلىگىنىدىن باشقا ئىبادەت يولغا قويۇلمايدۇ. بولمىسا باشقا نەرسىلەرنى خالىغانچە يولغا قويۇۋالىدىغان بولساق، ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزى قاتارىغا كىرىپ قالىمىزدە، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايمىز. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ أَمْ لَهُمْ شُرَكَٰٓؤُاْ شَرَعُوا لَهُم مِّنَ الدِّينِ مَا لَمْ يَأْذَنْ بِهِ اللَّهُ ﴾

**﴿ئۇلارنىڭ ئاللاھ رۇخسەت قىلمىغان نەرسىنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟﴾ (42 ـ سۈرە / شۇرا 21 ـ ئايەت)**

ئۆرۈپ-ئادەتلەردىكى ئاساس كەچۈرۈشتۇر، شۇڭا ئادەتلەردە ئاللاھ ھارام قىلغاندىن باشقىسى مەنئى قىلىنمايدۇ. ناۋادا ھەددىمىزدىن ئېشىپ

چەكلەنمىگەن بىر نەرسىنى هارام قىلىۋالساق، ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىدە چەكلەنگەنلەرنىڭ قاتارىدا بولۇپ قالىمىز.

﴿قُلْ أَرَأَيْتُم مَّا أَنزَلَ اللّهُ لَكُم مِّن رِّزْقٍ فَجَعَلْتُم مِّنْهُ حَرَامًا وَحَلاَلاً قُلْ ءَاللّهُ أَذِنَ لَكُمْ أَمْ عَلَى اللّهِ تَفْتَرُونَ﴾

**﴿ئېيتقىنكى «دەپ بېقىڭلارچۇ! سىلەرگە ئاللاھ چۈشۈرگە رىزىقتىن بەزىسىنى هارام، بەزىسىنى هالال قىلىۋالدىڭلار. ئاللاھ سىلەرگە مۇنداق قىلىشقا ئىجازەت بەردىمۇ ياكى ئاللاھقا تۆھمەت قىلىۋاتامسىلەر؟﴾ ( 10 ـ سۈرە / يۇنۇس 59 ـ ئايەت)**

دېمەك ئىسلام دىنىدا هالال ـ هارام قىلىش هوقۇقى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا خاستۇر. شۇڭا بىرەر نەرسىنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە هارام قىلىپ چەكلىۋېتىشكە هەرقانداق بىر ئىنساننىڭ هەققى يوقتۇر، بۇنداق قىلغۇچىلار هەددىدىن ئېشىپ ئاللاھنىڭ ئۆز مەخلۇقاتلىرىغا قانۇن بەلگىلەپ بېرىشتىن ئىبارەت پەرۋەردىگارلىق هوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغانلىق بولىدۇ، شۇڭا هالال ـ هارام مەسىلىسىدە يەڭگىللىك بىلەن ئالدىراپ هۆكۈم چىقىرىشتىن قاتتىق ئېهتىيات قىلىشىمىز، بولۇپمۇ دەۋرىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەردەك هېچ بىر ئىلمىسىز هۆكۈم ۋە پەتىۋا مەسىلىلىرىگە ئارلاشماسلىقىمىز لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن، تۆۋەندىكى ئايەتتە بايان قىلىنغىنىدەك ئاللاھنىڭ هوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىپ ئاللاھقا تۆهمەت قىلغانلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ قالىمىز. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلاَ تَقُولُواْ لِمَا تَصِفُ أَلْسِنَتُكُمُ الْكَذِبَ هَـذَا حَلاَلٌ وَهَـذَا حَرَامٌ لِّتَفْتَرُواْ عَلَى اللّهِ الْكَذِبَ إِنَّ الَّذِينَ يَفْتَرُونَ عَلَى اللّهِ الْكَذِبَ لاَ يُفْلِحُونَ﴾

**﴿سىلەر بايان قىلىۋاتقان نەرسىلەر ئۈستىدە ئاغزىڭلارغا كەلگەنچە: «بۇ هالال، ئۇ هارام» دېمەڭلار. چۈنكى بۇنداق دېسەڭلار ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغان بولىسىلەر. ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغۇچىلار هەقىقەتەن مەقسەتكە ئېرىشەلمەيدۇ﴾ (16 ـ سۈرە / نەهل 116 ـ ئايەت)**

ئىلگىرىكى ئۇستازلار ئىلىم جەهەتتە مۇجتەهىدلىك، ئىماملىق، مۇپتىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن بولسىمۇ، پەتىۋا بېرىشتە ناهايىتى ئېهتىياتچان ئىدى. ئالدىراپ نەق مەيداندىلا جاۋاب بەرمەيتتى.

ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە ئىلمىسىز پەتىۋا بىرىدىغانلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىدىن بەزىدە يەڭگىلتەكلىك بىلەن ’’ئۇمۇ ھارام، بۇمۇ ھارام‘‘ دەپ ئاللاھ كەڭرى، ئاسان قىلىپ بەرگەن دىن يولىنى تارلاشتۇرۇپ ئۆزىمىزگە قىيىنچىلىق ۋە بىسىم ئېلىپ كېلىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت.

مىسال ئالساق، بىر قىسىم كىشىلەر ’’ناماز ئوقۇمايدىغان كىشىنىڭ ئەتكەن تامىقى ھارام، يېيىشكە بولمايدۇ، ئۇلار بىلەن چەك-چېگرانى ئايرىشىمىز كېرەك‘‘ دەپ، ھەتتاكى ئۆزىنىڭ ئانىسى ئەتكەن تاماقنى يېمەيدىغان، ئاتا-ئانىسىدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. ئاتا-ئانىلار نامازغا سەل قاراش ياكى بەزى شەرىئەت ئەھكاملىرىغا تولۇق رىئايە قىلماسلىق بىلەن بەلكىم گۇناھكار، پاسىق سانىلىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇلار ئاللاھنى ئىنكار قىلمىغان ياكى شېرىك كەلتۇرمىگەنلا بولسا، ئەھلى سۈننەھ ۋەلجامائەنىڭ قارىشىدا ئۇلارنى ئىسلام كاتېگورىيەسىدىن چىقىرىپ «كۇفرى ياكى مۇشرىك» لىققا نىسبەت بېرىلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

﴿ وَوَصَّيْنَا الْإِنسَانَ بِوَالِدَيْهِ حَمَلَتْهُ أُمُّهُ وَهْنًا عَلَىٰ وَهْنٍ وَفِصَالُهُ فِي عَامَيْنِ أَنِ اشْكُرْ لِي وَلِوَالِدَيْكَ إِلَيَّ الْمَصِيرُ وَإِن جَاهَدَاكَ عَلَىٰ أَن تُشْرِكَ بِي مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ فَلَا تُطِعْهُمَا وَصَاحِبْهُمَا فِي الدُّنْيَا مَعْرُوفًا وَاتَّبِعْ سَبِيلَ مَنْ أَنَابَ إِلَيَّ ثُمَّ إِلَيَّ مَرْجِعُكُمْ فَأُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ﴾

**﴿ ئىنسانىنى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. چۈنكى، ئانىسى ئۇنىڭغا قاتمۇقات ئاجىزلاپ يۈرۈپ قورساق كۆتۈردى، ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا-ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جايىڭلار مېنىڭ دەرگاھىمدۇر. ئەگەر ئاتا-ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك قىلىشقا زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن، ماڭا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يۈزلەنگەن ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن؛ ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، ئاندىن مەن سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن﴾ (31-سۈرە / لۇقمان 14-، 15-ئايەت)**

مانا بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام دىنىمىزدا ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ئالاھىدە تەكىتلەنگەن، ھەتتاكى ئۇلار

مۇسۇلمان بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىمىزغا بۇيرۇلغان. شۇنداق بولغانىكەن، بىزلەرنى بېقىپ چوڭ قىلغان، ھەقنى تونۇشىمىزغا سەۋەبچى بولغان، بىزلەرنى ھەر دائىم ياخشى ئادەم بولۇشقا ئۈندەپ تۇرىدىغان ئاتا-ئانىلىمىزغا تېخىمۇ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىمىز، ئۇلارنى تېخىمۇ قەدىرلىشىمىز، ئۇلارغا يار-يۆلەك بولۇپ خىزمىتىدە بولۇشىمىز ئەلۋەتتە بىز پەرزەنتلەرنىڭ باش-تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىمىز ھېسابلىنىدۇ.

يەنە بىر مىسال، جەمئىيىتىمىزدە ھارام قىلىنغان نەرسىلەرگە سەل قارالغانلىقتىن ھارام ئىشلارنىڭ، نىجىس نەرسىلەرنىڭ يامراپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى ئېغىر بولۇۋاتىدۇ.

يەنى، تاماكا، چىلىم، نەشە، زەھەرلىك چېكىملىك قاتارلىق چېكىملىكلەرنىڭ ئېنىق ھارام ئىكەنلىكىگە ئومۇمىي ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن بولسىمۇ، خەلقىمىز ئىچىدىكى بىر قىسىم مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز بۇنىڭغا سەل قاراپ قول ئۇزۇلمەيۋاتقانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. ئەمەلىيەتتە بۇ چېكىملىكلەر ئىنسان جىسمىنى چىرىتىدىغان يوشۇرۇن قاتىلدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلاَ تَقْتُلُواْ أَنفُسَكُمْ إِنَّ اللّهَ كَانَ بِكُمْ رَحِيمًا﴾

**﴿سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرۈۋالماڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.﴾ (4 ـ سۈرە / نىسا 29 ـ ئايەت)**

﴿وَلاَ تُلْقُواْ بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ وَأَحْسِنُوَاْ إِنَّ اللّهَ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾

**﴿ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 195 ـ ئايەت)**

زەھەرلىك چېكىملىك چەككەن ۋە ساتقانلار بولسا ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن قاتىللاردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿مَن قَتَلَ نَفْسًا بِغَيْرِ نَفْسٍ أَوْ فَسَادٍ فِي الأَرْضِ فَكَأَنَّمَا قَتَلَ النَّاسَ جَمِيعًا وَمَنْ أَحْيَاهَا فَكَأَنَّمَا أَحْيَا النَّاسَ جَمِيعًا﴾

**﴿كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە ، ئۇ پۈتكۈل ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەن بولىدۇ. كىمكى بىر ئادەمنىڭ ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا ، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولغاندەك بولىدۇ﴾ (5 ـ سۈرە / ئائىدە 32 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ غەيرى دىندىكى كىشىلەرنىڭ ئۆرۈپ ـ ئادەت، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى دورىۋالماسلىق توغرىسىدا مۇنداق دېگەن:

[ عَنْ عَبْدِ اللهِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: مَنْ تَشَبَّهَ بِقَوْمٍ فَهُوَ مِنْهُمْ. ] (رَوَاهُ أَبُو دَاوُدَ)

**”ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بىر كىشى ئۆزىدىن غەيرى بىر قوۋمنى دورىۋالغان بولسا (قىيامەت كۈنى) شۇلار بىلەن بىللە بولىدۇ.“ (ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)**

شۇڭا يۇقىرىقىدەك ھالال ـ ھارام مەسىلىلىرىگە سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن ئارىمىزدىكى ئىختىلاپ، دە ـ تالاشلارنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇپ قېلىپ ئاخىرەتتە چوقۇم بۇنىڭ ھېسابىنى بېرىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ھالال ـ ھارام مەسىلىسىدە ئاللاھنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلمايلى! يەڭگىللىك بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشقا ئالدىراپ كەتمەيلى!

## ھارامدىن ساقلىنايلى!

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ يَا أَيُّهَا النَّاسُ كُلُواْ مِمَّا فِي الأَرْضِ حَلاَلاً طَيِّباً وَلاَ تَتَّبِعُواْ خُطُوَاتِ الشَّيْطَانِ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ ﴾

**﴿ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ھالال ـ پاكىزە نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئوچۇق دۈشمەندۇر﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 168 ـ ئايەت)**

ئاللاھ زېمىن يۈزىدە سان ـ ساناقسىز نېمەتلەرنى ياراتتى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىن بىزنىڭ جىسمىمىزغا ۋە ماددىي ـ مەنىۋىيىتىمىزگە پايدىلىق بولغان پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىپ ئۇنىڭدىن بىمالال پايدىلىنىشىمىزغا رۇخسەت

قىلدى. ئەمما شۇ نەرسىلەر ئىچىدىن ناھايىتى ئاز بىر قىسىم بىزنىڭ جىسمىمىزغا ۋە ھەر قايسى جەھەتتىن زىيانلىق بولغان ناپاك نەرسىلەردىن بىزنى چەكلەپ ئۇنى ھارام قىلدى. چۈنكى ئىنساننى ئۆز قۇدرەت كامالى بىلەن ياراتقان پەرۋەردىگارىمىز ئىنسانغا نېمىنىڭ پايدىلىق، ماس كېلىدىغانلىقىنى، نېمىنىڭ زىيانلىق ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ، شۇڭا بىزگە پايدىلىق، پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىپ، بىزگە زىيانلىق ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَيُحِلُّ لَهُمُ الطَّيِّبَاتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمُ الْخَبَآئِثَ وَيَضَعُ عَنْهُمْ إِصْرَهُمْ وَالأَغْلاَلَ الَّتِي كَانَتْ عَلَيْهِمْ﴾

**﴿ئۇ پەيغەمبەر ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارغا سېلىنغان تاقاق، كويزا ـ كىشەنلەردىن (يەنى قىيىنچىلىقلاردىن) بوشىتىدۇ﴾ (7 ـ سۈرە / ئەئراف 157 ـ ئايەت)**

شۇ ھارام قىلىنغان نەرسىلەر ھالال نەرسىلەرگە نىسبەتەن ناھايىتى ئاز بىر قىسىم نەرسىلەردۇر.

ئەپسۇس! ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەنمىگەن بىر قىسىم نادان ئىنسانلار شۇ سان ـ ساناقسىز ھالال ـ پاك بولغان ئىشلارنى ۋە ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان شېرىن نازۇ ـ نېمەتلىرىنى بىر ياقىقا قايرىپ قويۇپ، ئاللاھ ھارام قىلغان ئىنساننىڭ جىسمىنى چىرىتىدىغان، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا خەۋپ ئېلىپ كېلىدىغان شۇ ئازغىنە قەبىھ ئىش ـ ھەرىكەتلەر ۋە ناپاك، مەينەت نەرسىلەرگە خۇددى چىۋىن نىجاسەتكە ئولاشقاندەك ئۆلىشىپ شۇ نەرسىلەرنىڭ ئەتراپىدىن يىراق كېتەلمەيۋاتىدۇ ۋە شەيتاننىڭ ۋە نەپسىنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئەسىر بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ ءَامَنُواْ كُلُواْ مِن طَيِّبَـٰتِ مَا رَزَقْنَـٰكُمْ وَاشْكُرُواْ لِلهِ إِن كُنتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ﴾

**﴿ئى مۆمىنلەر! بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر ئاللاھقىلا قۇلچىلىق قىلىدىغان بولساڭلار ئاللاھقا شۈكۈر قىلىڭلار﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 172 ـ ئايەت)**

بەندىلىرىگە ناھايىتى كۆيۈمچان ۋە مېھرىبان زات ئاللاھ تائالا بىرەر نەرسىنى

بەندىلىرىگە ھارام قىلىپ چەكلىگەن ۋاقتىدا بەندىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۇنىڭ ئورنىنى تولۇقلايدىغان باشقا پاك نەرسىلەرنى كۆرسەتكەن. بۇنىڭ مىسالى،

1. ئاللاھ مەست قىلىدىغان ئىچىملىكلەرنى ھارام قىلىپ، روھ ۋە بەدەنگە پايدىلىق بولغان سۈت، ھەسەل ۋە تۈرلۈك مېۋە شەربەتلىرىگە ئوخشاش بارلىق شېرىن ئىچىملىكلەرنى ھالال قىلدى. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ ءَامَنُواْ إِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالأَنصَابُ وَالأَزْلَـٰمُ رِجْسٌ مِّنْ عَمَلِ الشَّيْطَـٰنِ فَاجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾

**﴿ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، ئىلاھ قىلىپ تىكلەنگەن نەرسىلەرگە چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش پەقەت شەيتاننىڭلا ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر. بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار﴾ (5 ـ سۈرە / مائىدە 90 ـ ئايەت)**

﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ كُلُواْ مِمَّا فِي الأَرْضِ حَلاَلاً طَيِّباً وَلاَ تَتَّبِعُواْ خُطُوَاتِ الشَّيْطَانِ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ﴾

**﴿ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ھالال ـ پاكىزە نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئوچۇق دۈشمەندۇر﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 168 ـ ئايەت)**

2. ئاللاھ تائالا جازانىنى ھارام قىلىپ ئورنىغا پايدا بېرىدىغان ئېلىم ـ سېتىمنى ھالال قىلدى. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَأَحَلَّ اللهُ الْبَيْعَ وَحَرَّمَ الرِّبَا﴾

**﴿ئاللاھ سودا ـ سېتىقنى ھالال قىلدى، جازانىنى ھارام قىلدى﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 275 ـ ئايەت)**

﴿يَمْحَقُ اللهُ الرِّبَا وَيُرْبِي الصَّدَقَاتِ وَ اللهُ لاَ يُحِبُّ كُلَّ كَفَّارٍ أَثِيمٍ﴾

**﴿ئاللاھ جازانىنىڭ پايدىسىنى تۈزۈتىۋېتىدۇ، سەدىقىنىڭ پايدىسىنى زىيادە قىلىدۇ. ئاللاھ ھەرقانداق تۈزكور گۇناھكارنى دوست تۇتمايدۇ.﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 276 ـ ئايەت)**

3. ئاللاھ تائالا پال ئېچىشنى، رەم سېلىشنى ھارام قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىستىخارە دۇئاسىنى يولغا قويىدى.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن:

﴿قُل لَّا يَعْلَمُ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ الْغَيْبَ إِلَّا اللهُ وَمَا يَشْعُرُونَ أَيَّانَ يُبْعَثُونَ﴾

**﴿ئېيتقىنكى «ئاللاھتىن باشقا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھېچكىم غەيىپنى بىلمەيدۇ، ئۇلار قاچان تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنىمۇ ئۇقمايدۇ»﴾ (27 ـ سۈرە / نەمل 65 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّهُ قَالَ: مَنْ أَتَى كَاهِنًا فَصَدَقَهُ بِمَا يَقُولُ فَقَدْ كَفَرَ بِمَا أَنْزَلَ عَلَى مُحَمَّدٍ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ. ] ( رَوَاهُ أَبُو دَاوُدَ)

**”ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى بىر پالچىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنگەن بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا (يەنى ماڭا) نازىل قىلىنغان نەرسە (يەنى قۇرئان كەرىم) دىن تانغان بولىدۇ.“ (ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)**

شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابە كىراملارغا ئىستىخارە دۇئاسىنى خۇددى «قۇرئان كەرىم» نى ئۆگەتكەندەك ئۆگۈتۈپ تەلىم قىلاتتى. ھەمدە مۇسۇلمانغا نىسبەتەن ئىستىخارە سېلىشنىڭ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ھەم مۇھىم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: مَا خَابَ مَنْ اِسْتِخَارَ وَلاَ نَدَمَ مَنْ اِسْتَشَارَ وَلاَ عَالَ مَنْ اِقْتَصَدَ. ] (رَوَاهُ السُّيُوطِيُّ )

**”ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئىستىخارە قىلغان كىشى ئۈمىدسىز بولمايدۇ، مەسلىھەت قىلغان كىشى پۇشايمان قىلمايدۇ، ئىقتىسادچىل كىشى يوقسۇل بولمايدۇ.“ (ئىمام سۇيۇتى رىۋايەت قىلغان)**

ئاللاھ تائالا غەيىپنى مەندىن باشقىسى بىلمەيدۇ دەپ ئېنىق جاكارلاۋاتسا بىر قىسىم نادان كىشىلەر يەنە شۇ خۇراپاتلىقتا ئىشىنىپ، بىلىپ ـ بىلمەي ئىمانىغا نۇقسان يەتكۈزۈپ يۈرمەكتە. بىز بۇنىڭدىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىشىمىز لازىم.

4. زىنا ۋە بەچچىۋازلىقنى ھارام قىلىپ، ئورنىغا توي قىلىپ ھەق نىكاھلانغان جۈپتى ھالالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشنى ھالال قىلدى.

ئاللاھ تائالا « قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلاَ تَقْرَبُواْ الزِّنَى إِنَّهُ كَانَ فَاحِشَةً وَسَاءَ سَبِيلاً ﴾

**﴿زىناغا يېقىنلاشماڭلار. چۈنكى، ئۇ قەبىھ ئىشتۇر. يامان يولدۇر﴾ (17 ـ سۈرە / ئىسرا 32 ـ ئايەت)**

ئاللاھ تائالا يەنە مۆمىنلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن:

﴿ وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ إِلَّا عَلَى أَزْوَاجِهِمْ أوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ فَمَنِ ابْتَغَى وَرَاء ذَلِكَ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْعَادُونَ ﴾

**﴿ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچىلاردۇر. ئۇلار پەقەت خوتۇنلىرى ۋە چۆرىلىرى بىلەن يېقىنچىلىق قىلسا ھەرگىز مالامەت قىلىنمايدۇ. كىمكى باشقىلاردىن بۇنى (يەنى جىنسى تەلەپنى قاندۇرۇشنى) ئىزدەيدىكەن، ئەنە شۇلار چەكتىن ئاشقۇچىلاردۇر﴾ (23 ـ سۈرە / مۇئمىنۇن 5 ~ 7 ـ ئايەت)**

يۇقىرىقى ئايەتلەردە بايان قىلىنغاندەك ئاللاھ تائالا زىنا، بەچچىۋازلىقتىن ئىبارەت بۇ مەينەت، قەبىھ ئىشلاردىن بىزنى قاتتىق ئاگاھلاندۇردى. ئەمما ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا سەل قاراپ بۇ نىجىس ئىشلار يامراپ كېتىپ، ئائىلە ۋە جەمئىيەت تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ كېتىپ باردۇ. تېخىمۇ قورقۇنۇچلۇق بولۇۋاتقىنى، شۇ نىجىس قىلمىشلار تۇپەيلىدىن ئەيدىزدىن ئىبارەت بۇ ۋابا بىزگە خىرىس قىلىۋاتىدۇ.

5. تۇرلۇك ناپاك بولغان، ئىنسانغا زىيانلىق يېمەكلىكلەرنى ھارام قىلىپ، ئورنىغا بارلىق پاكىزە ۋە ياخشى يېمەكلىكلەرنى ھالال قىلدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَيُحِلُّ لَهُمُ الطَّيِّبَاتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمُ الْخَبَآئِثَ وَيَضَعُ عَنْهُمْ إِصْرَهُمْ وَالأَغْلاَلَ الَّتِي كَانَتْ عَلَيْهِمْ﴾

**﴿ئۇ پەيغەمبەر ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارغا سېلىنغان تاقاق، كويزا ـ كىشەنلەردىن (يەنى قىيىنچىلىقلاردىن) بوشىتىدۇ﴾ (7 ـ سۈرە / ئەئراف 157 ـ ئايەت)**

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ ھالال قىلىپ بەرگەن پاك نەرسىلەردىن مەنپەئەتلىنىپ، توغرا ھالال ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنايلى! ھارامدىن يىراق تۇرايلى!

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَكُلُواْ مِمَّا رَزَقَكُمُ اللهُ حَلالاً طَيِّبًا وَاشْكُرُواْ نِعْمَتَ اللهِ إِن كُنتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ﴾

**﴿ئاللاھ سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال، شېرىن يېمەكلىكلەردىكى يەڭلار، ئەگەر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار ئاللاھنىڭ نېمىتىگە شۈكۈر قىلىڭلار!﴾ (16 ـ سۈرە / نەھل 114 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِنَّ اللهَ طَيِّبٌ لَا يَقْبَلُ إِلَّا طَيِّبًا وَإِنَّ اللهَ أَمَرَ الْمُؤْمِنِينَ بِمَا أَمَرَ الْمُرْسَلِينَ فَقَالَ تَعَالَى: ﴿ يَا أَيُّهَا الرُّسُلُ كُلُوا مِنَ الطَّيِّبَاتِ وَاعْمَلُوا صَالِحًا ﴾ وَقَالَ تَعَالَى: ﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُلُواْ مِن طَيِّبَاتِ مَا رَزَقْنَاكُمْ ﴾ ثُمَّ ذَكَرَ الرَّجُلَ يُطِيلُ السَّفَرَ أَشْعَثَ أَغْبَرَ يَمُدُّ يَدَيْهِ إِلَى السَّمَاءِ يَا رَبِّ يَا رَبِّ وَمَطْعَمُهُ حَرَامٌ وَمَشْرَبُهُ حَرَامٌ وَمَلْبَسُهُ حَرَامٌ وَغُذِيَ بِالْحَرَامِ فَأَنَّى يُسْتَجَابُ لِهِ ؟!] (رَوَاهُ مُسْلِمٌ)

**"ئاللاھ پاكتۇر! پەقەت پاكنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرگە پەيغەمبەرلەرگە بۇيرۇغان ئىشلارنى بۇيرىدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «ئى پەيغەمبەرلەر پاك نەرسىلەردىن يەڭلار ۋە ياخشى ئەمەل قىلىڭلار» ۋە يەنە مۇنداق دېگەن: «ئى مۆمىنلەر بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن پاك نەرسىلەردىن يەڭلار!». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ھەج ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن) ئۇزۇن سەپەر قىلىپ چاچلىرى پاخپىيىپ، چاڭ ـ توزان باسقان بىر كىشىنى تىلغا ئالدى، ئۇ كىشى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ: ئى رەببىم! ئى رەببىم! دەپ دۇئا قىلىدۇ ۋەھالەنكى ئۇنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلىرى ھارام، ھارامنى يەپ تۇرۇپ قىلغان دۇئا نەدىمۇ ئىجابەت بولسۇن ؟!" (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

شۇڭا بىز قىلغان ئىبادەتلىرىمىز قوبۇل بولسۇن، دۇئالىرىمىز ئىجابەت بولسۇن دەيدىكەنمىز، پاك ـ ھالال نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشىمىز ۋە ھالال ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن ئۆزىمىزنى ھالاكەتكە تاشلاپ، قىيامەتتە دوزاخقا مەھكۇم بولۇپ قالىمىز. ئاللاھ بىزنى ساقلىسۇن!

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ كَعْبِ بْنِ عُجْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ : قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: يَا كَعْبُ بْنَ عُجْرَةَ ، إِنَّهُ لا يَدْخُلُ الْجَنَّةَ لَحْمٌ وَدَمٌ نَبَتَا عَلَى سُحْتٍ ، النَّارُ أَوْلَى بِهِ ، يَا كَعْبُ بْنَ عُجْرَةَ ، النَّاسُ غَادِيَانِ : فَغَادٍ فِي فَكَاكِ نَفْسِهِ ، فَمُعْتِقُهَا ، وَغَادٍ مُوبِقُهَا.] (رواه اِبْنُ حِبَّانَ)

**"كەئبە ئىبنى ئۇجرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئى كەئبە ئىبنى ئۇجرە! ھارامدىن پەيدا بولغان گۆش، قان ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ. ئۇ دوزاخقا ئەڭ لايىقتۇر. ئى كەئبە ئىبنى ئۇجرە! بارلىق كىشىلەر ھەر كۈنى ئىككى خىل ھالەتتە ئۆيلىرىدىن چىقىدۇ، بىر قىسمى (ھارامدىن ساقلىنىپ) ئۆزىنى (دوزاختىن) قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن چىقىپ قۇتۇلىدۇ. يەنە بىر قىسمى (ھارامدىن ساقلانماي) ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ." (ئىمام ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان)**

شۇنىڭ ئۈچۈن كىمكى ئۆزىنى دوزاختىن ساقلاپ ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشمەن دەيدىكەن، ھارامدىن قاتتىق ساقلىنىشى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەتتاكى شۈبھىلىك نەرسىلەردىنمۇ ئېھتىيات قىلىشى كېرەك.

[عَنْ النُّعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ رَضِيَ اللهُ عَنهُمَا قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يقول: إِنَّ الحلاَلَ بَيِّنٌ، وإِنَّ الحَرامَ بَيِّنٌ، وَبَيْنَهما مُشْتَبِهاتٌ لاَ يَعْلَمُهُنَّ كَثِيرٌ مِنَ النَّاسِ، فَمَن اتَّقى الشُّبُهاتِ، اسْتَبْرَأَ لِدِينِهِ وعِرْضِهِ، وَمَنْ وَقَعَ في الشبُهاتِ، وقَعَ في الحَرامِ، كالرَّاعِي يرْعى حَوْلَ الحِمى يُوشِكُ أَنْ يَرْتَعَ فِيِه، أَلاَ وإِنَّ لِكُلِّ مَلِكٍ حِمًى، أَلاَ وَإِنَّ حِمَى اللهِ مَحَارِمهُ، أَلاَ وإِنَّ في الجسَدِ مُضغَةً إذا صَلَحَتْ صَلَحَ الجسَدُ كُلُّهُ، وَإِذا فَسَدَتْ فَسَدَ الجَسَدُ كُلُّهُ: أَلاَ وَهِي القَلْبُ .] ( مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ )

**"نوئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: شەك ـ شۈبھىسىزكى ھالال ۋە ھارام ئاشكارا بايان قىلىنغاندۇر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نۇرغۇن كىشىلەر بىلمەيدىغان شۈبھىلىك نەرسىلەر بار. كىمكى شۈبھىدىن ساقلانسا دىنىنى ۋە ئابرۇيىنى ساقلىغان بولىدۇ. كىمكى شۈبھىلىك نەرسىدىن ساقلانمىسا ھارامنىمۇ قىلىپ سېلىشى مۇمكىن، ئۇ خۇددى ماللىرىنى چېگرا ئەتراپىدا بېقىۋاتقان پادىچىغا ئوخشايدۇ، ئەگەر دىققەت قىلمىسا ماللىرى**

www.uyghurkitap.com

چېگرادىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىلىڭلاركى؛ ھەر بىر پادىشاھنىڭ چېگراسى بار، بىلىڭلاركى: ئاللاھنىڭ چېگراسى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردۇر. ئاگاھ بولۇڭلار! بەدەندە بىر پارچە گۆش بولۇپ، ئۇ تۈزەلسە پۈتۈن بەدەن تۈزىلىدۇ، ئەگەر ئۇ بۇزۇلسا پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ، ئۇ گۆش بولسىمۇ يۈرەكتۇر.“ (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)

## ھالال ئىش قىلىش ۋە ھالال رىزقى تەلەپ قىلىشنىڭ ئۆزى ئىبادەتتۇر

بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئىبادەت تىلغا ئېلىنسا ئەقلىمىزگە دەرھال ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات ياكى سەدىقە بېرىش كۆز ئالدىمىزغا كېلىشى مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە ئىسلام شەرىئىتىدە كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىمىزنى قامداش يۈزىسىدىن قىلىنىۋاتقان ھەربىر ئىش-پائالىيەتلىرىمىزنى ئىسلام شەرىئىتىگە ئۇيغۇن قىلىپ ھالالنى ئىزدەپ، ھارامدىن ساقلانغان بولساق شۇنىڭ ئۆزى ئىبادەتتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي ذَرٍّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ أَنَّ نَاسًا قَالُوا: يَا رَسُولَ اللهِ! ذَهَبَ أَهْلُ الدُّثُورِ بِالْأُجُورِ يُصَلُّونَ كَمَا نُصَلِّي وَيَصُومُونَ كَمَا نَصُومُ وَيَتَصَدَّقُونَ بِفُضُولِ أَمْوَالِهِمْ، قَالَ: أَوَ لَيْسَ قَدْ جَعَلَ اللهُ لَكُمْ مَا تَصَّدَّقُونَ به إِنَّ بِكُلِّ تَسْبِيحَةٍ صَدَقَةً وَكُلِّ تَكْبِيرَةٍ صَدَقَةً وَكُلِّ تَحْمِيدَةٍ صَدَقَةً وَكُلِّ تَهْلِيلَةٍ صَدَقَةٌ وَأَمْرٌ بِالْمَعْرُوفِ صَدَقَةٌ وَنَهْيٌ عَنْ مُنْكَرٍ صَدَقَةٌ وَفِي بُضْعِ أَحَدِكُمْ صَدَقَةٌ. قَالُوا: يَا رَسُولَ اللهِ! أَيَأْتِي أَحَدُنَا شَهْوَتَهُ، وَيَكُونُ لَهُ فِيهَا أَجْرٌ؟! قَالَ: أَرَأَيْتُمْ لَوْ وَضَعَهَا فِي حَرَامٍ أَكَانَ عَلَيْهِ فِيهَا وِزْرٌ؟ فَكَذَلِكَ إِذَا وَضَعَهَا فِي الْحَلَالِ كَانَ لَهُ أَجْرًا.] ( رَوَاهُ مُسْلِمٌ )

**”ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بايلار ساۋاب ـ ئەجىرلەرنى كۆپ ئېلىپ كەتتى، بىز ئوقۇغان نامازنى ئۇلارمۇ ئوقۇيدۇ، بىز تۇتقان روزىنى ئۇلارمۇ تۇتىدۇ، يەنى كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ شۇنچە ماللىرىنى سەدىقە قىلىدۇ، (ئەمما بىز قىلالمايمىز) دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللاھ سىلەرگىمۇ سەدىقە قىلىدىغان نەرسىلەرنى قىلىپ بەردىغۇ؟! ھەر بىر تەسبىھ سەدىقە، ھەربىر تەكبىر سەدىقە، ھەر بىر ھەمدى سەدىقە، ھەر بىر تەھلىل سەدىقە ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توشۇش سەدىقە، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئايالى بىلەن بىرگە بولۇشىمۇ سەدىقە، دېدى. كىشىلەر: ئى ئاللاھنىڭ**

**پەيغەمبىرى! بىر كىشى ئۆزىنىڭ شەھۋىتىنى قاندۇرسىمۇ ئەجىر بېرىلەمدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سىلەر دەپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر ئۇ شەھۋىتىنى هارام يول بىلەن قاندۇرسا ئۇنىڭغا گۇناھ بولامتى؟ شۇنىڭغا ئوخشاش شەھۋىتىنى هالال يول بىلەن قاندۇرسا ئۇنىڭغا ئەجىر بولىدۇ. دېدى.» (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

شۇنىڭدەك ئەر كىشى بالا ـ چاقا، ئەھلى ـ ئايالىغا نىسبەتەن بىر هامىي ۋە ئائىلە باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن شۇ ئائىلىنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي چىقىملىرىنى كۆتۈرۈش، ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە تۇرالغۇ جاي قاتارلىق تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداش ئۇنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مەجبۇرىيىتىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَعَلَى الْمَوْلُودِ لَهُ رِزْقُهُنَّ وَكِسْوَتُهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ﴾

**﴿ئاتىلار ئانىلارنى شەرىئەت بويىچە يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 233 ـ ئايەت)**

بىر ئاتا بولغۇچى ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش يولىدا ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە هالالنى يېگۈزۈش ۋە هالالنى كىيگۈزۈش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ھەربىر جاپالىق خىزمەت ۋە كەسىپلىرىگە ئاللاھ تائالانىڭ مول ئەجىر ـ ساۋاب بېرىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ بىلىپ بىلمەي قىلغان گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَنَسٍ ابْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: مَنْ بَاتَ كَالاً مِنْ طَلَبِ الْحَلاَلِ بَاتَ مَغْفُورًا لَهُ] ( رَوَاهُ السُّيُوطِيُّ )

**«ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بىر كىشى هالال رىزقى تېپىش يولىدا كەچتە چارچىغان هالدا يېتىپ قالسا ئۇنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.» (ئىمام سۇيۇتى رىۋايەت قىلغان)**

هالال رىزق تېپىپ ئائىلىسىگە قىلغان چىقىملارنىڭ سەدىقىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى هېسابلىنىدىغانلىقى ھەققىدە «ھەدىس شەرىف»تە مۇنداق كەلگەن:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: دِينَارٌ أَنْفَقْتَهُ فِي سَبِيلِ

اللهِ وَدِينَارٌ أَنْفَقْتَهُ فِي رَقَبَةٍ وَدِينَارٌ تَصَدَّقْتَ بِهِ عَلَى مِسْكِينٍ وَدِينَارٌ أَنْفَقْتَهُ عَلَى أَهْلِكَ أَعْظَمُهَا أَجْرًا الَّذِي أَنْفَقْتَهُ عَلَى أَهْلِكَ.] (رَوَاهُ مُسْلِمٌ)

”ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا ئىشلەتكەن بىر دىنارىڭ، قۇل ئازاد قىلىشتا ئىشلەتكەن بىر دىنارىڭ، مىسكىنگە سەدىقە قىلغان بىر دىنارىڭ، ئائىلەڭگە ئىشلەتكەن بىر دىنارىڭنىڭ ئىچىدىن ئەجرى ئەڭ كاتتا بولغىنى، ئائىلەڭگە ئىشلەتكەن دىنارىڭدۇر.“ (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

[عن سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقَّاصٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ أَنَّ رَسُول اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَهُ: وَإِنَّكَ لَنْ تُنْفِقَ نَفَقَةً تَبْتَغِي بِهَا وَجْهَ اللهِ إِلَّا أُجِرْتَ بِهَا حَتَّى اللُّقْمَةَ تَجْعَلُهَا فِي فِي امْرَأَتِكَ.] (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ)

”سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سەن پەقەت ئاللاھ رازىلىقىنى تىلەپ خىراجەت قىلساڭ، ئۇنىڭغا ئەجىر بېرىلىدۇ، ھەتتاكى ئاياللىڭنىڭ ئاغزىغا سالغان بىر لوقما تائامغىمۇ ئەجىر بېرىلىدۇ.“ (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

خۇلاسە كالام: ھالالدىن رىزىق ئىزدەپ، ھارامدىن ساقلىنىشنىڭ ئۆزى تەقۋالىقتۇر ۋە ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغىدۇر. ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى ھالال-ھارامنى ئېنىق ئايرىيدىغان، ئاللاھتىن ھەقىقىي رەۋىشتە قورقۇپ، شۈبھىلىك نەرسىلەردىن يىراق تۇرىدىغان مۆمىن مۇسۇلمانلاردىن قىلسۇن! شۇغۇللىنىۋاتقان ھالال كەسىپىمىزگە، ھالالدىن تاپقان رىزقىمىزغا بەرىكەت ئاتا قىلسۇن! ئۆز رەھمىتىنى، مەغپىرىتىنى بىزدىن ھەر ۋاقىت ئايرىمىسۇن!

﴿ رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّا إِنَّكَ أَنتَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ ۞ رَبَّنَا وَاجْعَلْنَا مُسْلِمَيْنِ لَكَ وَمِن ذُرِّيَّتِنَا أُمَّةً مُّسْلِمَةً لَّكَ وَأَرِنَا مَنَاسِكَنَا وَتُبْ عَلَيْنَآ إِنَّكَ أَنتَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ ۞ رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ ۞ رَبَّنَا أَفْرِغْ عَلَيْنَا صَبْرًا وَثَبِّتْ أَقْدَامَنَا وَانصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ ۞ رَبَّنَا لاَ تُؤَاخِذْنَا إِن نَّسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا ۞ رَبَّنَا وَلاَ تَحْمِلْ عَلَيْنَا إِصْرًا كَمَا حَمَلْتَهُ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِنَا ۞ رَبَّنَا وَلاَ تُحَمِّلْنَا مَا لاَ طَاقَةَ لَنَا بِهِ وَاعْفُ عَنَّا وَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَآ أَنتَ مَوْلاَنَا ﴾

# مۇسۇلمان بىلەن ۋاقىتنىڭ مۇناسىۋىتى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

إِنَّ الْحَمْدَ لِلّٰهِ نَحْمَدُهُ وَ نَسْتَعِيْنُهُ وَ نَسْتَغْفِرُهُ، وَ نَعُوذُ بِاللّٰهِ مِنْ شُرُورِ أَنْفُسِنَا، وَمِنْ سَيِّئَاتِ أَعْمَالِنَا، مَنْ يَهْدِهِ اللّٰهُ فَلاَ مُضِلَّ لَهُ ، وَمَنْ يُضْلِلْ فَلاَ هَادِيَ لَهُ ، وَأَشْهَدُ أَنْ لاَّ إِلٰـهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَ رَسُوْلُهُ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَ عَلَى آلِهِ وَأَصْحَابِهِ أَجْمَعِيْنَ . أَمَّا بَعْدُ :

بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھقا خاستۇر. بىز ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمىز؛ ئاللاھتىنلا ياردەم تىلەيمىز؛ ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمىز. ئاللاھقا سېغىنىپ كۆڭۈللىرىمىزدە كەچكەن ئوي ـ ھەۋەسلىرىمىزنىڭ يامانلىقلىرىدىن، ئەمەللىرىمىزدە كۆرۈلگەن يامان قىلمىشلاردىن پاناھ تىلەيمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان ئادەمنى ھېچبىر ئازدۇرغۇچى بولمايدۇ، ئاللاھ گۇمراھلىقتا قالدۇرغان ئادەمنى ھېچبىر ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى: يالغۇز ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھنىڭ ھېچبىر شېرىكى يوقتۇر. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە، ئۇنىڭ بارلىق ساھابىلىرىگە بولسۇن.

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ! ھۆرمەتلىك جامائەتلەر، بۈگۈن بىز ”مۇسۇلمان بىلەن ۋاقىتنىڭ مۇناسىۋىتى“ ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچىمىز. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَالْعَصْرِ إِنَّ الإِنسَـٰنَ لَفِي خُسْرٍ إِلاَّ الَّذِينَ ءَامَنُوا وَعَمِلُوا الصَّـٰلِحَاتِ وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ﴾

**﴿زامان بىلەن قەسەمكى، ھەر قانداق ئىنسان ھەقىقەتەن زىيان ئىچىدە بولىدۇ. پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىرى ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەرلا زىيان تارتمايدۇ﴾ (103 ـ سۈرە / ئەسر)**

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا زامان بىلەن (يەنى ۋاقىت بىلەن) قەسەم قىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن ۋاقىتنىڭ قىممىتىنىڭ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ نەقەدەر زور ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنداقتا، ۋاقىت مۆمىنگە نىسبەتەن نېمىلەردىن دېرەك بېرىدۇ؟

ئەزىز قېرىنداشلار: ھەممىمىزگە مەلۇمكى مۆمىنلەر ئىنسانلار ئىچىدىكى ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان، ئەڭ قەدىرلەيدىغان كىشىلەر بولۇشقا ئەڭ لايىق. چۈنكى، ۋاقىت ئۇنىڭ دۇنيادىكى ياخشى ئەمەللىرى، ئۇتۇق غەلىبىلىرى ئۈچۈن پۇرسەت، ئاخىرەتتىكى ئورنى بولغان جەننەتكە ئېرىشىشتىكى دەسمايىسىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسان قەدىرلەشكە تېگىشلىك نوقتىلارنى بەش جۈملە سۆز بىلەن ئىخچام بايان قىلىپ، ئۇلار ئىچىدىكى ئىنسانغا ئەڭ مۇھىم بولغان ئىشلار قاتارىدا ۋاقىتنى ئۈچ قېتىم ئالاھىدە تىلغا ئالغان.

**[عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: اِغْتَنِمْ خَمْسًا قَبْلَ خَمْسٍ: شَبَابَكَ قَبْلَ هَرَمِكَ، وَصِحَّتَكَ قَبْلَ سَقَمِكَ، وَغِنَاكَ قَبْلَ فَقْرِكَ، وَفَرَاغَكَ قَبْلَ شُغُلِكَ، وَحَيَاتَكَ قَبْلَ مَوْتِكَ. ] (رَوَاهُ الْحَاكِمُ)**

**"ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەش نەرسىنى بەش نەرسىدىن بۇرۇن غەنىيمەت بىل. قېرىشىڭدىن بۇرۇن ياش ۋاقتىڭنى غەنىيمەت بىل. كېسەل بولۇشۇڭدىن بۇرۇن ساقلىقىڭنى غەنىيمەت بىل. پېقىر، يوقسىز بولۇشۇڭدىن بۇرۇن بايلىقىڭنى غەنىيمەت بىل. ئالدىراش بولۇشۇڭدىن بۇرۇن بوش ۋاقتىڭنى غەنىيمەت بىل. ئۆلۈمۈڭدىن بۇرۇن ھاياتىڭنى غەنىيمەت بىل." (ئىمام ھاكىم رىۋايەت قىلغان)**

ۋاقىتنى قەدىرلەش پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىزگە تەۋسىيە قىلغان مۇھىم كۆرسەتمىسى، بۇ ھەقتىكى بۇيرۇق خۇددى ئىسلامدىكى باشقا مۇھىم ئىبادەتلەرگە ئوخشاش كەسكىن تەلەپ بىلەن كەلگەن.

يەنە بىر نۇقتىدىن دىققەت قىلساق، ۋاقىتنىڭ ئەھمىيىتى شۇ يەردە كۆرۈنىدۇكى، ۋاقىت ئاللاھ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ئەڭ كاتتا نېمەتتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دىكى بىر قانچە ئايەتتە ۋاقىت بىلەن قەسەم قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَالضُّحَىٰ وَاللَّيْلِ إِذَا سَجَىٰ﴾

**﴿چاشگاھ ۋاقتى بىلەن قەسەمكى، قاراڭغۇلۇقى ئەتراپنى قاپلىغان كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى﴾ (93 ـ سۈرە / زۇھا 1 ـ ، 2 ـ ئايەت)**

﴿وَاللَّيْلِ إِذَا يَغْشَىٰ وَالنَّهَارِ إِذَا تَجَلَّىٰ﴾

**﴿قاراڭغۇلۇقى ئالەمنى قاپلىغان كېچە بىلەن قەسەمكى، يوپيورۇق كۈندۈز بىلەن قەسەم قىلىمەنكى﴾ (92 ـ سۈرە / لەيل 1 ـ ، 2 ـ ئايەت)**

﴿وَالْعَصْرِ إِنَّ الْإِنسَانَ لَفِي خُسْرٍ إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ﴾

**﴿زامان بىلەن قەسەمكى، ھەر قانداق ئىنسان ھەقىقەتەن زىيان ئىچىدە بولىدۇ. پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىرى ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەرلا زىيان تارتمايدۇ﴾ (103 ـ سۈرە / ئەسر)**

﴿وَالْفَجْرِ وَلَيَالٍ عَشْرٍ وَالشَّفْعِ وَالْوَتْرِ وَاللَّيْلِ إِذَا يَسْرِ﴾

**﴿سۈبھى بىلەن، زۇلھەججەنىڭ دەسلەپكى ئون كېچىسى بىلەن، جۈپ بىلەن، تاق بىلەن، ئۆتۈۋاتقان كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى﴾ (89 ـ سۈرە / فەجر 1 ~ 4 ـ ئايەت)**

يۇقىرىقى ئايەتلەردە ئاللاھنىڭ ۋاقىتنى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىلىشىدىكى ھېكمەت، بەندىلەرگە ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى تونۇتۇش ۋە ۋاقىتنىڭ ئالاھىدە نېمەت ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىشقا ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

ۋاقىتنى قەدىرلەشنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئەھمىيىتى ئىنتايىن زۆرۈر بولغاچقا، بىزنى دائىم ئاگاھلاندۇرۇۋاتقان قىيامەتنىڭ بىر ئىسمىنى **«الساعة»** دەپ ۋاقىت بىلەن ئاتىغان. شۇنداقلا قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا تۇنجى بولۇپ بىزدىن ھېساب ئالىدىغىنىمۇ ۋاقىتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: لَا تَزُولُ قَدَمَا عَبْدٍ يَوْمَ الْقِيَامَةِ حَتَّى يُسْأَلَ عَنْ أَرْبَعِ خِصَالٍ: عَنْ عُمُرِهِ، فِيمَ أَفْنَاهُ؟ وعَنْ شَبَابِهِ، فِيمَ أَبْلَاهُ؟ وَعَنْ مَالِهِ، مِنْ أَيْنَ اكْتَسَبَهُ؟ وَفِيمَ أَنْفَقَهُ؟ وَعَنْ عِلْمِهِ، مَاذَا عَمِلَ فِيهِ؟] (رَوَاهُ الْبَيْهَقِيُّ)

**”مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئادەم بالىسىنىڭ ئىككى قەدىمى بەش نەرسىدىن سورۇلۇپ بولمىغىچە پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدىن كېتەلمەيدۇ، يەنى؛ ئۇ ئۆمرىنى قايسى ئىشلاردا ئاخىرلاشتۇرغانلىقى ھەققىدە سورىلىدۇ، ياشلىقىنى نېمىگە سەرپ قىلىپ تۈگەتكەنلىكى ھەققىدە سورىلىدۇ، مال ـ دۇنياسىنى نەدىن تاپقانلىقى، نېمىگە سەرپ قىلغانلىقى ھەققىدە سورىلىدۇ، ئىلمىگە قانداق ئەمەل قىلغانلىقى ھەققىدە سورىلىدۇ.“ (ئىمام بەيھەقي رىۋايەت قىلغان)**

بۇ ھەدىستىكى تۆت سوئالدىن ئىككىسى ۋاقىتقا قارىتىلغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئاللاھ تائالا بىزلەردىن ۋاقتىمىز توغرىسىدا ئىنچىكە ھېساب ئالىدۇ. پۈتۈن ئۆمۈردىن بىر قېتىم ھېساب ئالسا، ئۆمۈرنىڭ گۈل پەسلى بولغان ياشلىقىمىزدىن ئايرىم ئالاھىدە ھېساب ئالىدۇ. بۇنى ھەقىقىي چۈشەنگەن مۆمىن مۇسۇلمان ئەلۋەتتە ۋاقتىنى بىھۇدە مەنپەئەتسىز ئىشلارغا سەرپ قىلمايدۇ.

ئاخىرەتلىك ئورنىمىزنىڭ جەننەت، ياكى دەۋزەخ بولۇشى، قىيامەتتىكى سوئال ـ سوراقتىن قانداق ئۆتۈشىمىز ھەممىسى، ۋاقىتنى ــ يەنى ئاللاھ بەرگەن پۇرسەتنى قانداق ئۆتكۈزگىنىمىزگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ۋاقىتنى ئاللاھ رازى بولىدىغان ئەمەللەر بىلەن ئۆتكۈزمەستىن ئىسراپ قىلغان ئادەم ھەقىقەتەن ئوچۇق ئاشكارا زىيان تارتىدۇ.

قېرىنداشلار! ھەر بىر نەپسىمىز بىزنى ئۆلۈمگە يېقىنلاشتۇرماقتا، كېچە كۈندۈز بىزنىڭ ھايات باغلىرىمىزنى خازان پەسلىگە قاراپ ئىتتەرمەكتە، بىر كۈنلەر كېلىپ ئۇخلىغاندەك ئۆلىمىز، ئويغانغاندەك تىرىلىمىز، ئاندىن قىلمىشلىرىمىزدىن ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھېساب بېرىمىز. ھايات سەپىرىمىزنىڭ

ئاخىرقى خۇلاسە مەنزىلى بىزنى كۈتۈپ تۇرغان جەننەت ياكى دەۋزەخ بولىدۇ. ئەگەر بىز ھاياتىمىز بەدىلىگە ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، جەننەتكە ئېرىشەلمىسەك ھەقىقەتەن زىيان تارتقان بولىمىز. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿كُلُّ نَفْسٍ ذَائِقَةُ الْمَوْتِ وَإِنَّمَا تُوَفَّوْنَ أُجُورَكُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَمَن زُحْزِحَ عَنِ النَّارِ وَأُدْخِلَ الْجَنَّةَ فَقَدْ فَازَ وَمَا الْحَيَاةُ الدُّنْيَا إِلَّا مَتَاعُ الْغُرُورِ﴾

**﴿ھەر بىرجان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر. سىلەرنىڭ ئەجرىڭلار قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىلىدۇ، كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنغان ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت يۈزە ھۇزۇردىن باشقا نەرسە ئەمەس﴾ (3 ـ سۈرە / ئال ئىمران 185 ـ ئايەت)**

ھەسەن بەسرى رەھىمەھۇللاھنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى ئەسلىسەك بۇ ھەقتە تېخىمۇ ياخشى چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز:

"يَا ابْنَ آدَم، إِنَّمَا أَنْتَ أَيَّامٌ مَجْمُوعَةٌ، كُلَّمَا ذَهَبَ يَوْمٌ ذَهَبَ بَعْضُكَ"

**”ئى ئادەم بالىسى، سەن ئەمەلىيەتتە كۈنلەرنىڭ يىغىندىسى سەن، ھەرقاچان بىر كۈنۈڭ ئۆتسە بىر قىسمىڭ دۇنيادىن كېتىدۇ.“**

دۇنيادا ھەرقانداق بىر نېمەتكە ئېرىشكەن بولساق، بۇ سەۋەبلىك بىزنىڭ گەدىنىمىزگە مۇنداق ئۈچ ۋەزىپە يۈكلىنىدۇ.

1. شۇ نېمەتنى ئاللاھ رازى بولىدىغان يوللارغا ئىشلىتىش؛ 2. نېمەت بەرگۈچىنى تونۇش؛ 3. نېمەت بەرگۈچىگە تەشەككۈر ئېيتىش.

ۋاقىت ئاللاھنىڭ بىزلەرگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرى دەپ تونۇپ تۇرۇپ بۇ نېمەتكە تەشەككۈر ئېيتماسلىقىمىز مۇمكىنمۇ؟ ئۇنداقتا ۋاقىتتىن ئىبارەت نېمەتكە قانداق تەشەككۈر ئېيتىمىز؟ ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىمىز؟

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان كەرىم» دە ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن مۆمىنلەرنىڭ سۈپىتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

﴿وَمِنَ اللَّيْلِ فَتَهَجَّدْ بِهِ نَافِلَةً لَّكَ عَسَىٰ أَن يَبْعَثَكَ رَبُّكَ مَقَامًا مَّحْمُودًا﴾

﴿سەن كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئويغىنىپ، نەفلە ناماز ئوقۇغىن. پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيەلىنىدىغان ئورۇندا تۇرغۇزۇشى ئۇمىدلىكتۇر﴾ (17 ـ سۈرە / ئىسرا 79 ـ ئايەت)

﴿كَانُوا قَلِيلاً مِنَ اللَّيْلِ مَا يَهْجَعُونَ وَبِالْأَسْحَارِ هُمْ يَسْتَغْفِرُونَ﴾

﴿ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى. ئۇلار سەھەرلەردە (پەرۋەردىگاردىن) مەغپىرەت تىلەيتتى﴾ (51 ـ سۈرە / زارىيات 17 ـ ، 18 ـ ئايەت)

تۆۋەندىكى ئايەتلەردە بولسا ئاللاھ تائالا بىزنى ۋاقىتنى قەدىرلەشكە ۋە ياخشى ئىشلاردا مۇسابىقىلىشىشكە چاقىرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَاسْتَبِقُوا الْخَيْرَاتِ﴾ {البقرة: 148}

﴿(ئى مۆمىنلەر) ياخشى ئىشلارنى تالىشىپ قىلىڭلار﴾ (2 ـ سۈرە / بەقەرە 148 ـ ئايەت)

﴿وَسَارِعُوا إِلَى مَغْفِرَةٍ مِنْ رَبِّكُمْ وَجَنَّةٍ عَرْضُهَا السَّمَاوَاتُ وَالْأَرْضُ أُعِدَّتْ لِلْمُتَّقِينَ﴾

﴿پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشىشكە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە كىرىشكە ئالدىراڭلار﴾ (3 ـ سۈرە / ئال ئىمران 133 ـ ئايەت)

بىز ۋاقىتنى چەك تۇتۇش ئارقىلىق، پەرز ئەمەللەرنى ۋاقتىدا مۇكەممەل ئادا قىلىش بىلەن بىرگە، نەپلە ئەمەللەرنىمۇ ئادا قىلالايمىز ۋە بۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلەيمىز.

مۆمىنگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەر بىر كۈن ئۆز ۋەزىپىسى بىلەن كېلىدۇ، ھەر بىر كۈننىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى بار. ھەر بىر مىنۇت ئۇنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ياخشى ئەمەل ۋە ئىبادەتلەرنى سىغدۇرالايدۇ، ئۇنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ.

[ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِنَّ اللهَ قَالَ مَنْ عَادَى لِي وَلِيًّا فَقَدْ آذَنْتُهُ بِالْحَرْبِ وَمَا تَقَرَّبَ إِلَيَّ عَبْدِي بِشَيْءٍ أَحَبَّ إِلَيَّ مِمَّا افْتَرَضْتُ عَلَيْهِ وَمَا يَزَالُ عَبْدِي يَتَقَرَّبُ إِلَيَّ بِالنَّوَافِلِ حَتَّى أُحِبَّهُ فَإِذَا أَحْبَبْتُهُ كُنْتُ سَمْعَهُ الَّذِي يَسْمَعُ بِهِ وَبَصَرَهُ الَّذِي يُبْصِرُ بِهِ وَيَدَهُ الَّتِي يَبْطِشُ بِهَا وَرِجْلَهُ الَّتِي يَمْشِي بِهَا وَإِنْ سَأَلَنِي لَأُعْطِيَنَّهُ وَلَئِنْ اسْتَعَاذَنِي لَأُعِيذَنَّهُ وَمَا تَرَدَّدْتُ عَنْ شَيْءٍ أَنَا فَاعِلُهُ تَرَدُّدِي عَنْ نَفْسِ الْمُؤْمِنِ يَكْرَهُ الْمَوْتَ وَأَنَا أَكْرَهُ مَسَاءَتَهُ.] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**”ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: كىمكى مېنىڭ دوستۇمنى دۇشمەن تۇتسا، مەن ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئېلان قىلىمەن. بەندەم ماڭا پەرزلەرنى قىلىشتىنمۇ ياخشىراق بىر ئىشنى قىلىش بىلەن يېقىنلىشالمايدۇ. بەندەم ماڭا نەپلە ئىبادەت بىلەنمۇ مەن ئۇنى دوست تۇتقانغا قەدەر داۋاملىق يېقىنلىشىدۇ. قاچانكى مەن ئۇنى دوست تۇتسام، مەن ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى، ماڭىدىغان پۇتى بولىمەن. مەندىن نېمىنى سورىسا، شۇنى بېرىمەن. ماڭا سېغىنسا، ئۆز پاناھىمدا ساقلايمەن. مەن مۆمىننىڭ جېنىنى ئېلىشتىن باشقا ھېچبىر ئىشتا تەرەددۇت قىلمايمەن. مۆمىن بەندەم ئۆلۈمنى ياخشى كۆرمەيدۇ، مەن بولسام، ئۇنىڭ خاپىلىقلىرىنى ياخشى كۆرمەيمەن.“ (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان)**

مۆمىن ھەربىر كۈنىنىڭ ياخشى ئۆتۈشى ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھاياتىنىڭ مول مەزمۇنلۇق، ئۈتۈقلۇق ئۆتۈشى قىيامەت كۈندىكى ھالىنىڭ ياخشى بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۆمىن ھاياتىدا مەنپەئەتلىك ئىلىم، سەدىقە جارىيە، ياخشى ئەمەل، سالىھ پەرزەنت قاتارلىق ئىككى دۇنيادا ئەسقاتىدىغان ئۇتۇقلارنى قالدۇرۇش ھەققىدە ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس شەرىپتە بۇ ھەقتە بىزگە مۇنداق كۆرسەتمە بېرىدۇ.

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِذَا مَاتَ الْإِنْسَانُ انْقَطَعَ عَمَلُهُ إِلاَّ مِنْ ثَلاَثَةٍ إِلاَّ مِنْ صَدَقَةٍ جَارِيَةٍ أَوْ عِلْمٍ يَنْتَفِعُ بِهِ أَوْ وَلَدٍ صَالِحٍ يَدْعُو لَهُ.] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**”ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىنسان دۇنيادىن كەتسە ئۇنىڭ بارلىق ئەمەللىرى ئۈزۈلىدۇ، پەقەت ئۈچ خىل ئەمەلى داۋاملىشىپ تۇرىدۇ، بىرسى سەدىقە جارىيە (يەنى ساۋابى يېتىپ تۇرىدىغان، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قىلىنغان، ئۇزۇن ۋاقىت پايدىلانغىلى بولىدىغان نەرسىگە قىلىنغان سەدىقە)؛ ئىككىنچىسى، ئۇ**

ئىنساندىن باشقىلار مەنپەئەت ئالغان ئىلىم؛ ئۈچىنچىسى، ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن ھەمىشە دۇئا ۋە ياخشى ئەمەل قىلىدىغان سالىھ، ياخشى بالا.“ (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھازىرقى زاماندا باشقىلار داۋاملىق پايدىلىنىدىغان بىر مەسچىت ياكى بىر مەدرىس ياكى بىر دوختۇرخانا، ياكى بىر پايدىلىق كىتاب، ياكى پايدىلىق ئىلىم بىز ئۈچۈن مەنپەئەتى ئۈزۈلمەيدىغان سەدىقە جارىيە ھېسابلىنىدۇ. ئۇلاردىن قانچە كۆپ ئادەم پايدىلانسا، پايدىلىنىش ۋاقتى قانچە ئۇزۇن داۋاملاشسا، شۇ داۋاملاشقان ئەمەلگە سەرپ قىلغان ۋاقتىمىز ئۈچۈن ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا بىزگە بىر كىشىلىك ساۋاب بېرىپ تۇرىدۇ.

[ عَنْ أَبِي الدَّرْدَاءِ أَنَّ رَجُلاً مَرَّ بِهِ وَهُوَ يَغْرِسُ غَرْسًا بِدِمَشْقٍ فَقَالَ لَهُ أَتَفْعَلُ هَذَا وَأَنْتَ صَاحِبُ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: لاَ تَعْجَلْ عَلَيَّ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: مَنْ غَرَسَ غَرْسًا لَمْ يَأْكُلْ مِنْهُ آدَمِيٌّ وَلاَ خَلْقٌ مِنْ خَلْقِ اللهِ إِلاَّ كَانَ لَهُ بِهِ صَدَقَةٌ ] (رَوَاهُ أَحْمَدُ)

”ئەبۇ دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەمەشىقتىكى چاغلىرىدا، كۆچەت تىكىش بىلەن مەشغۇل بولغانىدى، بىر كىشى ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: سەن دېگەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىسى تۇرۇپ مۇشۇ ئىشنى قىلامسەن؟ دېدى، ئۇ: سەن ماڭا ئالدىراپ كەتمە! مەن رەسۇلۇللاھنىڭ: كىمكى بىر تۈپ كۆچەت تىكىدىكەن، ئۇنى قانداقلىكى ئىنسان ياكى ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن بىرى كېلىپ يېسە، ئۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن سەدىقە ھېسابلىنىدۇ، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، دەپ جاۋاب بەردى.“ (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)

ئەزىز قېرىنداشلار! بىز ئۈچۈن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئەڭ ياخشى ئۈلگە ۋە يولباشچىدۇر. بىز ھەر قانداق ئىشتا ئۇ زاتنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ئۈلگە قىلىشقا بۇيرۇلغانمىز. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَن كَانَ يَرْجُو اللهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللهَ كَثِيرًا﴾

﴿سىلەرگە ــ ئاللاھتىن، ئاخىرەت كۈنىدىن ئۈمىد كۈتكەن ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر﴾ (33 ـ سۈرە / ئەھزاب 21 ـ ئايەت)

[عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا، قَالَ قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: نِعْمَتَانِ مَغْبُونٌ فِيهِمَا كَثِيرٌ مِنَ النَّاسِ: الصِّحَّةُ وَالْفَرَاغُ.] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**”ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئىككى خىل نېمەت بار، نۇرغۇن ئادەملەر بۇ ئىككى خىل نېمەتتىن زىيان تارتىدۇ، ئۇنىڭ بىرىنچىسى ساغلاملىق، ئىككىنچىسى بوش ۋاقىت.“ (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان)**

ھەركۈنى بىھۇدە زايا بولۇۋاتقان پايدىسىز ئىشلارغا ئىسراپ بولۇۋاتقان بىر نەچچە مىنۇت ۋاقىتلىرىڭىزنى ياخشى يوللارغا سەرپ ئەتسىڭىز، ئايلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن نۇرغۇنلىغان ياخشىلىقلارنى يىغقان بولىسىز. ھەر بىر مىنۇتىڭىزنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئادەتلەنسىڭىز، تەبىئىي سائەتلىرىڭىزنى كۈنلىرىڭىزنى ۋە ئايلىرىڭىزنى، بىھۇدە سۇدەك ئۆتۈپ كېتىشىدىن ساقلاپ قالالايسىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: الْمُؤْمِنُ الْقَوِيُّ خَيْرٌ وَأَحَبُّ إِلَى اللهِ مِنْ الْمُؤْمِنِ الضَّعِيفِ وَفِي كُلٍّ خَيْرٌ.] (رَوَاهُ مُسْلِمٌ)

**”ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كۈچلۈك مۆمىن ئاجىز مۆمىندىن ياخشى ۋە ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر. ھەر ئىككىلىسىدە ياخشىلىق باردۇر.“ (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)**

بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆلچەملىك ھايات مىزانى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 1. ئىلىم ئۆگىنىش؛ 2. ئىبادەت قىلىش؛ 3. دىنغا دەۋەت قىلىش؛ 4. ھۈنەر كەسىپ ئۆگىنىش؛ 5. ئائىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش؛ 6. جىسمانىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش؛ 7. ئۆز ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈش.

پەيغەمبىرىمىز ۋاقىتنى ئالاھىدە قەدىرلەيتتى. ۋاقىتلارنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆتكۈزەتتى. ھەر بىر تىنىق، ھەر بىر مىنۇت ۋاقىتنى چوقۇم ئۆزى ياكى ئۈممەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلاتتى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ”رەسۇلۇللاھ ئۆيگە كىرگەن ۋاقىتنى ئۈچكە بۆلەتتى. بىر قىسمىنى ئاللاھقا، يەنە بىر قىسمىنى ئائىلىسىگە، يەنە بىر قىسمىنى ئۆزىگە بۆلەتتى. شۇ ئۆزىگە بۆلگەن ۋاقتىنىمۇ ئۆزى ۋە كىشىلەر بىلەن ئۆتكۈزەتتى.“

[عَنْ إِبْرَاهِيمَ عَنِ الْأَسْوَدِ قَالَ سَأَلْتُ عَائِشَةَ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهَا مَا كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَصْنَعُ فِي بَيْتِهِ قَالَتْ: كَانَ يَكُونُ فِي مِهْنَةِ أَهْلِهِ تَعْنِي خِدْمَةَ أَهْلِهِ فَإِذَا حَضَرَتِ الصَّلاَةُ خَرَجَ إِلَى الصَّلاَةِ.] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**”ئىبراھىمغا ئەسۋەدنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ ئائىشە ئانىمىزدىن، رەسۇلۇللاھ ئۆيىدە نېمە ئىش قىلاتتى؟ دەپ سورىغىنىدا، ئائىشە ئانىمىز: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلىسىنىڭ ئىشلىرىغا قارىشاتتى، ناماز ۋاقتى بولسا نامازغا چىقاتتى، دەپ جاۋاب بەرگەن.“ (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان)**

دېمەك پەيغەمبىرىمىز ۋاقتىنى زىچ، بەرىكەتلىك ئۆتكۈزگەن زات بولۇپ، تائەت-ئىبادەتكە قاتتىق بېرىلگەن، ھېچبىر ۋاقتى بىكار ئۆتمىگەن ئىدى.

[عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهَا: أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ يَقُومُ اللَّيْلَ حَتَّى تَتَفَطَّرَ - تَتَوَرَّمَ وَتَتَشَقَّقَ - قَدَمَاهُ، فَقَالَتْ عَائِشَةُ: لَمْ تَصْنَعْ هَذَا يَا رَسُولَ اللّٰهِ! وَقَدْ غَفَرَ اللّٰهُ لَكَ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِكَ وَمَا تَأَخَّرَ؟ قَالَ: أَفَلاَ أُحِبُّ أَنْ أَكُونَ عَبْدًا شَكُورًا.] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**”ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبىرىمىز كېچىلەر قوپۇپ ئىبادەت قىلسا شۇنداق كۆچەپ ئىبادەت قىلاتتىكى پۇتلىرى ئىششىپ كېتەتتى. ئائىشە ئانىمىز ئى رەسۇلۇللاھ سىلە نېمانچە قىلىلا، ئاللاھ سىلىنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنىڭ ھەممىنى مەغپىرەت قىلىۋەتكەن تۇرسا، دېسە، پەيغەمبىرىمىز: مەن رەببىم ئۈچۈن تەشەككۇر ئېيتىدىغان بەندە بولمامدىمەن، دېگەن.“ (ئىمام بۇخاري رىۋايەت قىلغان)**

## پەيغەمبىرىمىز بىلەن ساھابىلەرنىڭ ھاياتىدىكى ۋاقىتنىڭ تەقسىماتى ۋە تەرتىپى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى ۋاقىتنى قەدىرلەشكە، شەخسى ئىش بولسۇن ياكى جامائەت ئىشلىرى بولسۇن، ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا سەرپ

قىلىشقا، ھەر ئىشنى ئۆز لايىقىدا ئوتتۇرا ھال قىلىشقا، چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىشقا ئۈندەيدۇ. [ئاشۇرۇۋەتمەسلىككە ئۈندەيتتى.]

[عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ : قَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: أَلَمْ أُخْبَرْ أَنَّكَ تَقُومُ اللَّيْلَ وَتَصُومُ النَّهَارَ. فَقُلْتُ : إِنِّي أَفْعَلُ ذَلِكَ، فَقَالَ: إِنَّكَ إِنْ فَعَلْتَ ذَلِكَ هَجَمَتْ عَيْنَاكَ ، وَنَفِهَتْ نَفْسُكَ ، إِنَّ لِعَيْنِكَ حَقًّا ، وَلأَهْلِكَ حَقًّا ، وَلِنَفْسِكَ حَقًّا ، فَقُمْ وَنَمْ ، وَصُمْ وَأَفْطِرْ] (رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ)

**”ئابدۇللا ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئەي ئابدۇللا، ئاڭلىشىمچە سەن كېچىلىرى قىيامدا تۇرىدىكەنسەن، كۈندۈزلىرى روزا تۇتىدىكەنسەن؟ دېدى. مەن: ھەئە، ئى رەسۇلۇللاھ! مەن شۇنداق قىلىمەن، دېسەم، پەيغەمبىرىمىز: ئۇنداق قىلما، ئەگەر ئۇنداق قىلساڭ كۆزلىرىڭ ئولتۇرۇشۇپ، ئۆزۈڭ ياداپ كېتىسەن، سېنىڭ كۆزۈڭنىڭ سەندە ھەققى بار، بەدىنىڭنىڭ سەندە ھەققى بار، ئائىلەڭنىڭ سەندە ھەققى بار، كېچىلىك ئىبادەتكە تۇر، ھەم ئۇخلا، روزا تۇت ھەم ئاغزىڭ ئوچۇق يۈر، دېدى.“ (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان)**

دېمەك، پەيغەمبىرىمىز ۋاقىتنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا بىزگە ئۈلگە بولۇپ كۆپ تەلىملەرنى بەرگەن. مۇسۇلمانىنىڭ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا پۈتۈنلەي تۇرمۇش ئېھتىياجى ۋە دوست ئاغىنىلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ ئىبادەتكە، ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشقا سەل قارىشى دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى، ئىنسان ھەددىدىن زىيادە كۈچەپ كەتسە چارچاپ قالىدۇ، ئىنساننىڭ بەدىنى چارچاپ كەتسە دىققەت زېھنىمۇ چارچايدۇ، ئۇ ھالەتتە ئىبادەتلەرنى ئۆز لايىقىدا ئادا قىلىشقا ئاجىز كېلىپ قالىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنساننىڭ روھىيىتىگە، جىسمانىيىتىگە ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈشنى تاپىلاپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەربىيەسىدە بولغان ساھابىلەرمۇ بۇنى ناھايىتى ياخشى چۈشەنگەن.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىدا بۇنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرگەن. ئۇ ھەمىشە مۇنداق دەيتتى: ”قەلبىنىڭ ئىنتىلىشچان جۇشقۇن پەيتلىرى

بولـىدۇ. خۇشـــياقماس، زېرىكىشـــلىك پەيتلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ جۇشـــقۇن پەيتلىرىدىن چىڭ تۇتۇپ پايدىلىنىڭلار. چارچىغان زېرىككەن چاغلىرىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ ئارام ئالدۇرۇڭلار.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:

**[عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: بَادِرُوا بِالْأَعْمَالِ سَبْعًا: هَلْ تَنْتَظِرُونَ إِلَّا فَقْرًا مُنْسِيًا، أَوْ غِنًى مُطْغِيًا، أَوْ مَرَضًا مُفْسِدًا، أَوْ هَرَمًا مُفَنِّدًا، أَوْ مَوْتًا مُجْهِزًا، أَوْ الدَّجَّالَ ؛ فَشَرُّ غَائِبٍ يُنْتَظَرُ، أَوْ السَّاعَةَ؛ فَالسَّاعَةُ أَدْهَى وَأَمَرُّ؟] (رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ)**

**«ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سىلەرنى كۈتۈۋاتقان يەتتە ئىشتىن ئىلگىرى ياخشى ئەمەللەرگە ئالدىراڭلار، ئۇلار: كىشىلەر ئارىسىدا سىلەرنى ئۇنتۇلدۇرۇۋېتىدىغان پېقىرلىق، ياكى ئىنسانلىنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىدىغان بايلىق، ياكى ئىنسان قىلماقچى بولغان پىلانلارنى بۇزۇپ يوقىتا چىقىرىۋېتىدىغان كېسەللىك، ياكى ئىنسانلىنى ئادەملەرنىڭ ئاڭ ئىدىيە جەھەتتىن ئارقىدا قالدۇرىدىغان قېرىلىق، ياكى ئىنسانلىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان ئۆلۈم، ياكى دەججال، ياكى قىيامەت.» (ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممەتكە شۇنى دېمەكچى، ئى ئىنسان ئۆلۈم بىلەن قىيامەت سېنى ئەمەل قىلىشتىن ئايرىپ قويىدۇ. ئۇنىڭغىچە سەن بېرىلگەن ۋاقىتنى قەدرىلە، داۋاملىشىدىغان سەدىقە جارىيە، مەنپەئەتلىك ئىلىم، ياكى ساڭا دۇئا قىلىدىغان بالاڭ ئارقاڭدا قالسۇن. ئىزسىز، تۆھپىسىز دۇنيادىن كەتمە، بولمىسا ئاللاھنىڭ ئالدىغا قەدىرسىز بارىسەن.

ئەقىللىق ئادەم دېگەن پۇرسەت قولدىن كېتىشتىن ئىلگىرى ئۇنى جايىدا تۇتۇۋالغان، ھەر قانداق ۋاقىتنى قولدىن كېتىشتىن ئىلگىرى ئەڭ ياخشى ئۇسۇلدا پايدىلانغان، ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلىۋالغان ئادەم دېمەكتۇر.

ئەزىز قېرىنداشلار، خەلقىمىز ''ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت'' دەپ كەلگەن، ئەمما بۈگۈنكى كۈندە ۋاقىت بىزنىڭ نەزىرىمىزدىكى ئەڭ ئەرزان، خالىغانچە ئىسراپ قىلسا بولۇۋېرىدىغان، ئەڭ قەدىرسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى.

ئوخشاش بىر مەزگىلدە بەزى كىشىلەر ياكى بەزى مىللەتلەردە ۋاقىتنىڭ رىتىمى تېز ئۆتۈۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ۋاقىتنىڭ تېزلەشكىنى ئەمەس، بەلكى ۋاقىتقا ئېگىدارچىلىق قىلغۇچىنىڭ ۋاقىتنى ئىشلىتىشتىكى سىجىللىقى، ياراتقان قىممىتىنىڭ زورلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ۋاقىتقا بولغان كونتروللۇق شەخس ۋە مىللەتنىڭ قەدرى قىممىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئەرەبلەرنىڭ مۇنداق بىر تەمسىلى بار: **«اَلْوَقْتُ سَيْفٌ إِنْ لَمْ تَقْطَعْهُ قَطَعَكَ»**

**” ۋاقىت ئۆتكۈر قىلىچقا ئوخشايدۇ، سەن ئۇنى كەسمىسەڭ ئۇ سېنى كېسىدۇ.“**

بۈگۈنكى ئۇچۇر دەۋرىدە كىمكى ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالىسا، ئۇچۇرلارنى ھەممىدىن بالدۇر ئىگىلىسە شۇ ئۇتۇق قازىنىۋاتىدۇ.

سائەت ئىككىدە ئېيتىلغان زىياپەتلەرگە سائەت تۆتتە ئاران ئۈلگۈرۈپ بېرىشلار، پايدىسىز سورۇن، بىھۇدە ئولتۇرۇشلارغا ۋاقىت سەرپ قىلىشلار، ۋەيەنە ھەر خىل ئالاقە ئۈسكۈنىلىرى بىلەن ھەپىلىشىپ، ئەھمىيەتسىز پاراڭلار بىلەن كۈننى كەچ قىلىشلار ئەمدى بىزنىڭ ئۆمرىمىزنىڭ بەركىتىنى خوراتسا بولمايدۇ. ئەرزىمەس ئويۇن ـ تاماشالار بىلەن ئۆمرىمىزنى بىھۇدە ئۆتكۈزسەك بۇ دۇنيادىكى نېسىۋىمىزدىنمۇ قۇرۇق قېلىشىمىز، ھەمدە ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قۇرۇق قول بېرىپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

ئەزىز قېرىنداشلار! ”بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە سەزگۈرلۈك زامانىدۇر! جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم ـ مەرىپەت دەۋرىدۇر. سۇسلۇق ۋە بىكارلىق ۋاقتى ئەمەس، تىرىشىش ۋە غەيرەت ۋاقتىدۇر. باشقا مىللەتلەر ئىلىم ـ مەرىپەت سايىسىدە ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا، سۇ ئاستىدا خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە. بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز. ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق يوقىلىش ۋە ئۆلۈم يولىدۇر! ھېلىھەم ۋاقىت ۋە پۇرسەت بار!“ مانا بۇ سۆزلەرنى ئۇستازىمىز ئابدۇقادىر داموللام يۈز يىل بۇرۇن مۇشۇ دىيارىمىزدىكى خەلققە خىتاب قىلىپ سۆزلىگەن. بىز تا

بوگۈنگىچە بۇ چاقىرىقلارغا ئاۋاز قوشماي، بىپەرۋالىق قىلساق، قارىماققا ھەممىمىز ئالدىراش يۈرگەندەك قىلغان بىلەن، ئۇنۇمسىز، ئەھمىيەتسىز ئىشلار بىلەن ئۆمرىمىزنى ئۆتكۈزسەك بۇ بىزنىڭ زاۋاللىقىمىزنىڭ ئىپادىسىدىن ئىبارەت بولىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇرۇن بىخۇدلۇق قىلغان بولساق، بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكەن ۋاقتىمىزنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىشقا يەنىلا پۇرسەت بار. ھازىردىن باشلاپ ۋاقتىمىزنى قەدىرلەپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتساق، قالغان ئۆمرىمىزدىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، تىرىشچانلىقىمىز ھەرگىز زايا كەتمەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ الَّذِينَ ءَامَنُوا وَعَمِلُوا الصَّٰلِحَاتِ إِنَّا لَا نُضِيعُ أَجْرَ مَنْ أَحْسَنَ عَمَلًا﴾

**﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىغانلارغا كېلىدىغان بولساق، بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنى ھەقىقەتەن يوققا چىقىرىۋەتمەيمىز﴾ (18 ـ سۈرە / كەھف 30 ـ ئايەت)**

تۆۋەندىكى ئايەت بىزگە بۇ مەنىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ بىزنى پۇرسەتنى يېڭى باشتىن چىڭ تۇتۇشقا ئۈندەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿قُلْ يَا عِبَادِيَ الَّذِينَ أَسْرَفُوا عَلَىٰ أَنفُسِهِمْ لَا تَقْنَطُوا مِن رَّحْمَةِ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ جَمِيعًا إِنَّهُ هُوَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ﴾

**﴿(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ سۆزۈم سۈپىتىدە) ئېيتقىنكى، «ئى ئۆزىگە گۇناھلارنى ھەددىدىن ئارتۇق يۈكلىۋالغان بەندىلىرىم! سىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە گۇناھنى (يەنى تەۋبە قىلغانلارنىڭ گۇناھىنى) مەغپىرەت قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.﴾ (39 ـ سۈرە / زۇمەر 54 ـ ئايەت)**

قېرىنداشلار! ئايەت ۋە ھەدىسلەر ۋاقىتنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇنى قەدىرلەپ ئۆتكۈزۈشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە سۆزلەپ تۇرۇپتۇ. ۋاقىت تۇيدۇرماستىن ئۆتۈپ كېتىدۇ، بىر كەتسە ھەرگىز قايتا كەلمەيدۇ. ئەگەر بىز ئۇنىڭغا پەرۋاسىز قارىساق كېيىن پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي قالىمىز. زامانىمىز ئادەملەر ۋاقىت

بىلەن مۇسابىقىلىشىپ ئىلگىرىلەۋاتقان بىر دەۋر بولۇپ قالدى. كىشىلەر ۋاقىتنى ئۇتۇشتا، ۋاقىت ئارقىلىق بەخت سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشتە بەسلەشمەكتە. ھاياتىمىزدا بىزمۇ ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى كۈندىن-كۈنگە ھېس قىلماقتىمىز، باشقىلار ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ دۇنيا نېمەتلىرىگە ئېرىشىشتە بىر بىرى بىلەن رىقابەتلەشمەكتە.

بۇنداق شارائىتتا، بىز دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن تېخىمۇ بەك كۈچەشكە موھتاج، ئەلۋەتتە. شۇڭا، بىز ۋاقتىمىزدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ياخشى ئەمەللەرنى كۆپلەپ قىلىپ، كەڭرىلىكى ئاسمان زېمىندەك كېلىدىغان ئاللاھنىڭ جەننەتلىرىگە نائىل بولۇشقا تىرىشايلى ۋە شۇنىڭدا بەسلىشەيلى! ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ الْأَبْرَارَ لَفِي نَعِيمٍ عَلَى الْأَرَائِكِ يَنظُرُونَ تَعْرِفُ فِي وُجُوهِهِمْ نَضْرَةَ النَّعِيمِ يُسْقَوْنَ مِن رَّحِيقٍ مَّخْتُومٍ خِتَامُهُ مِسْكٌ وَفِي ذَٰلِكَ فَلْيَتَنَافَسِ الْمُتَنَافِسُونَ﴾

**﴿ياخشىلار نېمەت ئىچىدە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن نېمەتنىڭ خۇشاللىق ئىپادىلىرىنى كۆرىسەن. ئۇلار ئاغزى پېچەتلەنگەن، ئەڭ ئاخىرقى يۇتۇمىمۇ ئىپار پۇرايدىغان ساپ شاراب بىلەن سۇغىرىلىدۇ. (ياخشى ئىشتا) رىقابەتلەشمەكچى بولغانلار (مۇشۇلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن) رىقابەتلەشسۇن!﴾ (83 ـ سۈرە / مۇتەففىفىن 22 ~ 25 ـ ئايەتلەر)**

ئى ئاللاھ! سەھەردە يولغا ئاتلىنالىغانلارغا، سەھەردە ئىش باشلىيالىغانلارغا بەرىكەت ئاتا قىلسىلا! ھەممىمىزنى سەھەرچى ئۈممەتلەرنىڭ قاتارىدىن قىلسىلا! يۇرتلىرىمىزغا بەرىكەت بەرسىلە! ۋاقتىمىزغا، ئۆمرىمىزگە، ئىلمىمىزگە، ئىقتىسادىمىزغا، بىرلىك-ئىناقلىقىمىزغا، دوستلۇقىمىزغا، مېھر-مۇھەببىتىمىزگە، ئىبادەتلىرىمىزگە بەرىكەت بەرسىلە! بىزنى جەننەتكە تەكلىپ قىلىنغانلارنىڭ قاتارىدىن قىلسىلا! ئۈممەتلىرىمىزنى ئۆزئارا ياردەمدە بولىدىغان، ئۆزئارا ئىتتىپاق ئۆتىدىغانلار قاتارىدىن قىلسىلا! ئامىن!

**وأخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين**

# ھەدىس شەرھىسىنىڭ تەرجىمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر

## كتاب الطهارة [1](تاھارەت ھەققىدە)

11. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: "إِذَا تَوَضَّأَ أَحَدُكُمْ فَلْيَجْعَلْ فِي أَنْفِهِ ثُمَّ لِيَنْثُرْ وَمَنْ اسْتَجْمَرَ فَلْيُوْتِرْ وَإِذَا اسْتَيْقَظَ أَحَدُكُمْ مِنْ نَوْمِهِ فَلْيَغْسِلْ يَدَهُ قَبْلَ أَنْ يُدْخِلَهَا فِي وَضُوئِهِ فَإِنَّ أَحَدَكُمْ لاَ يَدْرِي أَيْنَ بَاتَتْ يَدُهُ."

”ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى تاھارەت ئالسا، بۇرنىغا سۇ ئېلىپ چايقىسۇن. كىم ھاجەتتىن كېيىن تاش (چالما) تۇتسا، تاق تۇتسۇن. سىلەردىن بىر كىشى ئۇيقۇسىدىن ئويغانسا، قولىنى تاھارەت ئالىدىغان سۇغا تىقىشتىن ئىلگىرى يۇسۇن، چۈنكى ئاشۇ كىشى ئۇخلىغاندا قولىنىڭ قەيەردە تۇرغانلىقىنى بىلمەيدۇ.“

### المعنى العام (ئومۇمىي مەنىسى)

أعلى درجات النظافة، وأسمى مراتب الطهارة، أن نطلب من النظيف أن يزداد نظافة، وأن نكلف احتياطا برفع ما يتوهم من وسخ، وأن نطلب المبالغة في غسل ما لا يهتم بغسله، كجيوب الأنف، والمبالغة في استبراء النجاسة ولو مع تحقق إزالتها. هذا ما يرمي إليه الحديث الشريف فهو يأمر أن يدخل المتوضئ الماء في أنفه وخياشيمه، ثم يدفعه من الأنف إلى الخارج ليخرج مع الماء ما يحتمل وجوده في منحنيات الأنف. ويأمر المستجمر بالأحجار المنقى بها بقايا البول أو الغائط أن يجعل الحجارة وترا، فإن نقى المكان بحجرين زاد ثالثا، وإن نقى بأربعة زاد خامسا وإن نقى بستة زاد سابعا وهكذا.

پاكىزلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى، پاكلىقنىڭ ئەڭ يۈكسەك مەرتىۋىسى بولسا پاكىزە كىشىدىن ئۇنىڭ تېخىمۇ پاكىزە بولۇشىنى تەلەپ قىلىشىمىزدۇر؛ ئېھتىيات ئۈچۈن گۇمان قىلىنغان پاسكىنىچىلىقنى ئېلىپ تاشلاشقا بۇيرۇشىمىزدۇر؛ بۇرۇننىڭ كاۋاكلىرىغا ئوخشاش يۇيۇلۇشى مۇھىم ھېسابلانمايدىغان جايىنىمۇ يېتەرلىك يۇيۇشنى، نىجاسەتنىڭ يوقۇلۇشى ئەمەلىيلىشىش بىلەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن يېتەرلىك پاك بولۇشنى تەلەپ قىلىشىمىزدۇر. بۇ ئىشلار مەزكۇر «ھەدىس شەرىف»نىڭ مەقسەت قىلىنغىنىدۇر، شۇڭا ئۇ تاھارەت ئالغۇچىنىڭ سۇنى بۇرنىغا ۋە بۇرۇن بوشلۇقلىرىغا كىرگۈزۈشىنى، ئاندىن بۇرۇن ئەگرىۋىدىلىرىدە بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن بولغان نەرسىلەرنىڭ سۇ بىلەن چىقىپ كېتىشى ئۈچۈن، سۇنى بۇرۇندىن سىرتىغا چىقىرىشقا بۇيرۇيدۇ؛ كىچىك تەرەت ياكى چوڭ تەرەت قالدۇقلىرى پاكلىنىدىغان تاش (چالما) تۇتقۇچىنى تاش (چالما) نى تاق تۇتۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئەگەر ھېلىقى ئورۇن ئىككى تاش (چالما) بىلەن پاكلانسا، ئۈچىنچىسى زىيادە قىلىدۇ؛ ئەگەر تۆت بىلەن پاكلانسا، بەشىنچىسى زىيادە قىلىدۇ؛ ئەگەر ئالتە بىلەن پاكلانسا يەتتىنچىسى زىيادە قىلىدۇ؛ مانا مۇشۇنداق.

---

[1] «المنهل الحديث في شرح الحديث» دىن بېرىلدى. بېشى ئالدىنقى سانلاردا.

ويأمر المسلم إذا استيقظ من نومه أن لا يدخل يده في ماء في إناء، أو في إناء فيه سائل حتى يغسلها ثلاث مرات، قل نومه أو كثر، فخر فراشه أو حقر، غسل يده قبل أن ينام أو لم يغسلها، فإنه لا يدري إلى أين تحركت يده أثناء نومه، وإلى أي المستقذرات تعرضت، قد تكون احتكت بمناعم الجسم بين الفخذين، أو تحت الإبط، فعلق بها عرق خبيث أو ريح كريه وقد تكون قد دلكت مداخل الأنف وإفرازاته، أو إفرازات العين فأصابها ما لو وضع في سائل آذاه، ومبدأ الإسلام النظافة والحرص على نقاء اليد وطهارة السائل وصلاحيته للشرب دون تقزز أو اشمئزاز.

ئۇ (ھەدىس) مۇسۇلمان كىشىنى ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندا، مەيلى ئۇنىڭ ئۇيقۇسى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، ئۇنىڭ تۆشىكى ھەشەمەتلىك ياكى ناچار بولسۇن، ئۇخلاشتىن ئىلگىرى قولىنى يۇيغان ياكى يۇمىغان بولسۇن، قولىنى ئۈچ قېتىم يۇمىغۇچە قولىنى قاچىدىكى سۇغا ياكى ئىچىدە سۇيۇقلۇق (سۇ) بار قاچىغا تىقماسلىقنى بۇيرۇيدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇيقۇسى داۋامىدا قولىنىڭ نەلەرگىچە ھەرىكەت قىلغانلىقى، قايسى پاسكىنا نەرسىلەرگە يولۇققانلىقىنى بىلمەيدۇ؛ ئېھتىمال قول ئىككى كاسا ئارىلىقىدىكى ياكى قولتۇق ئاستىدىكى بەدەننىڭ پاك بولمىغان يەرلىرىگە تېگىپ كەتكەن بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن قولغا سېسىق تەر ياكى يېقىمسىز پۇراق يۇققان بولۇشى مۇمكىن؛ ئېھتىمال قول بۇرۇننىڭ ئىچلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئاجرالمىلىرى ياكى كۆزنىڭ ئاجرالمىلىرى (چاپاقلىرى) نى سىلىغان بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن قولغا سۇغا سالسا ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزىدىغان نەرسە يۇققان بولۇشى مۇمكىن. ئىسلام دىنىنىڭ پرىنسىپى پاكىزە بولۇش، قولنىڭ پاكلىقىغا، سۇيۇقلۇقنىڭ پاكىزلىقىغا، ئۇنىڭ ئىچىشكە يارايدىغان بولۇشىغا زېرىكمەي ـ تېرىكمەي كۆڭۈل بۆلۈشتۇر.

فعلى من قام من نومه أن يغسل يديه، بأن يصب عليهما ماء في الخارج قبل أن يغمسهما في الإناء حتى من لا يعتقد تلوثهما، فإن شك في تلوثهما كان أولى به وأحرى وألزم، وكلما طال النوم، وكلما كان احتمال التعرض للتلوث أكثر كان الطلب آكد. والله أعلم.

ئۇيقۇدىن ئويغانغان كىشى، ھەتتا ئىككى قولىنى بۇلغانمىغان دەپ قارايدىغان كىشىمۇ ئىككى قولىنى قاچىغا تىقىشتىن ئىلگىرى ئىككى قولغا سىرتتىكى سۇنى قويۇش بىلەن يۇيۇش لازىم. ئەگەر ئۇ ئىككى قولىنىڭ بۇلغانغانلىقىدىن گۇمان قىلسا، ئۇ يۇيۇشقا ئەڭ ھەقلىق، ئەڭ تېگىشلىك، ئەڭ زۆرۈردۇر. ئۇيقۇ ئۇزارغانسېرى، بۇلغىنىشقا يولۇقۇش ئېھتىمالى كۆپ بولغانسېرى تەلەپ تېخىمۇ چىڭ بولىدۇ. ئاللاھ ئەڭ بىلگۈچىدۇر.

## المباحث العربيّة (ئەرەب تىلى جەھەتتىكى ئىزدىنىشلەر)

(إذا توضأ أحدكم) فيه مجاز المشارفة، أي إذا أراد الوضوء وأشرف عليه وابتدأه.

«إِذَا تَوَضَّأَ أَحَدُكُمْ» «سىلەردىن بىر كىشى تاھارەت ئالسا» ئۇ (ئىبارە) يېقىنلاشما تۈس كۆچمە مەنىسىدە، يەنى: ”تاھارەت ئالماقچى بولسا، تاھارەت ئېلىشقا كىرىشسە، تاھارەت ئېلىشقا باشلىسا“ دېگەن مەنىدە

(فليجعل في أنفه ماء ثم لينثر) في رواية صحيحة "فليستنشق بمنخريه من الماء ثم لينثر" والاستنثار هو إخراج الماء من الأنف بعد الاستنشاق، مع إخراج ما في الأنف من مخاط وشبهه بقوة الدفع إلى الخارج.

**«فَلْيَجْعَلْ فِي أَنْفِهِ مَاءً ثُمَّ لِيَنْثُرْ»** «بۇرنىغا سۇ ئېلىپ، چايقىسۇن» سەھىھ بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلدى: "بۇرۇننىڭ ئىككى تۆشۈكىگە سۇ ئېلىپ، ئاندىن چىقارسۇن." "چايقاش" **(اِسْتِنْشَارٌ)** __ بۇرنىغا سۇ ئالغاندىن كېيىن بۇرنىدىن سۇنى بۇرنىدىكى ماڭقا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن كۈچلۈك ئىتتىرىش بىلەن سىرتقا چىقىرىش (مىشقىرىش) دېمەكتۇر.

**(ومن استجمر فليوتر) الاستجمار مسح البول أو الغائط بالجمار، وهي الأحجار الصغار، ومنه رمي الجمار في الحج.**

**« وَمَنْ اسْتَجْمَرَ فَلْيُوتِرْ»** «كىم هاجەتتىن كېيىن تاش (چالما) تۇتسا، تاق تۇتسۇن» "تاش تۇتۇش" **(اِسْتِجْمَارٌ)** __ كىچىك تەرەت ياكى چوڭ تەرەتنى تاش بىلەن سۈرتۈش دېمەكتۇر. ئۇ تاش__ كىچىك تاشلاردۇر. ھەجدە "شەيتانغا تاش ئېتىش" مەنىسىدىكى **«رَمْيُ الْجِمَارِ»** سۆزىدىكى **«جِمَارٌ»** ئاشۇ كىچىك تاش جۈملىسىدىن.

**(وإذا استيقظ أحدكم من نومه) ظاهره عموم النوم بالليل أو النهار، لكن رواية أبي داود "إذا قام أحدكم من الليل" قد تخصص هذا العموم.**

**« وَإِذَا اسْتَيْقَظَ أَحَدُكُمْ مِنْ نَوْمِهِ»** «سىلەردىن بىر كىشى ئۇيقۇسىدىن ئويغانسا» ھەدىسنىڭ ئاشكارا مەنىسى ئۇيقۇنىڭ كېچە ياكى كۈندۈزگە ئام بولۇشى، لېكىن ئەبۇ داۋۇدنىڭ بىر رىۋايىتىدە بۇ ئومۇملۇق خاسلىنىلغان هالدا مۇنداق كەلدى: **«إِذَا قَامَ أَحَدُكُمْ مِنَ اللَّيْلِ»** «سىلەردىن بىر كىشى كېچىدىكى ئۇيقۇسىدىن تۇرسا»

**(قبل أن يدخلها في وضوئه) بفتح الواو، أي الماء الذي يتوضأ به.**

**« قَبْلَ أَنْ يَدْخُلَهَا فِي وَضُوئِهِ»** «قولىنى تاهارەت ئالدىغان سۇغا تىقىشتىن ئىلگىرى» ۋاۋ پەتھەلىك كەلگەن **«وَضُوءٌ»** "تاهارەت ئالىدىغان سۇ" دېگەن مەنىدە.

**(أين باتت يده) أي من جسده، وفي رواية "ولا علام وضعها."**

**« أَيْنَ بَاتَتْ يَدُهُ»** «ئۇنىڭ قولى ئۇخلىغاندا قەيەردە بولدى؟» يەنى: "بەدەننىڭ قەيرىدە بولدى؟" يەنە بىر رىۋايەتتە **«وَلاَ عَلاَمَ وَضَعَا»** «قولنى نېمىنىڭ ئۈستىدە قويغانلىقىنى بىلمەيدۇ» دەپ كەلدى.

## فقه الحديث (ھەدىسشۇناسلىق)

**يتناول الحديث ثلاث مسائل فقهية:**

ھەدىس پىقھىغا دائىر ئۈچ مەسىلىنى تىلغا ئالىدۇ:

**الأولى: الاستنشاق والاستنثار في الوضوء، وكمال الاستنثار بإيصال الماء إلى داخل الأنف، وجذبه بالنفس إلى أقصاه، ثم الاستنثار وطرد الماء مع ما في الأنف إلى الخارج، وتستحب المبالغة في الاستنشاق إلا أن يكون صائما، وأقل الاستنشاق إدخال قليل من الماء في مقدم الأنف وفتحتيه.**

بىرىنچىسى: تاھارەتتە بۇرنىغا سۇ ئېلىش ۋە چايقاش، چايقاشنىڭ كامىل بولۇشى ــ سۇنى بۇرنىنىڭ ئىچكى قىسمىغا يەتكۈزۈش ۋە نەپەس بىلەن بۇرنىنىڭ تۆرىگە تارتىش، ئاندىن بۇرنىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەر بىلەن سىرتىغا پۈركۈپ سۇنى چىقىرىش ئارقىلىق بولىدۇ. روزىدار بولمىغان ھالدا بۇرنىغا يېتەرلىك سۇ ئېلىش ياخشى كۆرۈلىدۇ. بۇرنىغا سۇ ئېلىشنىڭ ئەڭ تۆۋەنى ئاز بىر قىسىم سۇنى بۇرنىنىڭ ئالدىنقى قىسمى ۋە ئىككى تۆشۈكىگە كىرگۈزۈش.

**ومذهب مالك والشافعي وأصحابهما أن الاستنشاق سنة في الوضوء والغسل، وحملوا الأمر في الحديث على الندب، والمشهور عن أحمد أنه واجب في الوضوء والغسل، لا يصحان بدونه، وهو مذهب داود الظاهري وحملوا الأمر على الوجوب، وقالوا: لم يحك أحد ممن وصف وضوء رسول الله صلى الله عليه وسلم على الاستقصاء أنه ترك الاستنشاق، ومذهب أبي حنيفة وأصحابه أنه واجب في الغسل دون الوضوء.**

ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ مەزھىپىدىكىلەرنىڭ قارىشى ــ بۇرنىغا سۇ ئېلىش تاھارەت ۋە غۇسلىدىكى بىر سۈننەت. ئۇلار ھەدىستىكى بۇيرۇقنى قىلىش تەلەپ قىلىنغان ياخشى ئىش ھۆكمىدە قىلدى. ئىمام ئەھمەدتىن رىۋايەت قىلىنغان مەشھۇر ھەدىستە: «ئۇ (بۇرنىغا سۇ ئېلىش) نىڭ تاھارەت ۋە غۇسلىدا ۋاجىپ ئىكەنلىكى، ئۇنىڭسىز تاھارەت ۋە غۇسۇل دۇرۇس بولمايدىغانلىقى» كەلدى. ئۇ داۋۇد زاھىرىينىڭ قارىشى. ئۇلار (ھەدىستىكى) بۇيرۇقنى ۋاجىپ ھۆكمىدە قىلىپ مۇنداق دېدى: چوڭقۇر ئىزدىنىش ئاساسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاھارەت ئېلىشىنى بايان قىلغان كىشىلەردىن بىرەرسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇرنىغا سۇ ئېلىشنى تەرك قىلغانلىقىنى دېمىدى. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئۇنىڭ مەزھىپىدىكىلەرنىڭ قارىشى بۇرنىغا سۇ ئېلىش تاھارەتتە ئەمەس، غۇسلىدا ۋاجىپ ئىكەنلىكى.

**أما الاستنثار فهو مستحب، وليس بواجب باتفاق. وكمال كيفيته أن يطرح الماء من أنفه برفق، لئلا يصيب ما حوله، وأن يستعين في ذلك بأصابع يده اليسرى، يضغط برفق على فتحتي الأنف.**

ئەمما چايقاشقا كەلسەك، ئۇ مۇستەھەپ، بىردەك قاراش بىلەن ۋاجىپ ئەمەس. چايقاشنىڭ كامىل ھالىتى ــ بۇرنىنىڭ ئەتراپىغا ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن سۇنى بۇرنىدىن يەڭگىل چىقىرىش، ئاشۇنداق قىلىشتا بۇرنىنىڭ ئىككى تۆشۈكىنى يەڭگىل باسقان ھالدا سول قولنىڭ بارماقلىرىدىن پايدىلىنىش.

**المسألة الثانية: الوتر في الاستجمار، ويرى الشافعية والحنابلة أنه لا بد في الاستنجاء والاكتفاء بالأحجار من إزالة عين النجاسة، واستيفاء ثلاث مسحات، ولو استنجى بحجر واحد له ثلاثة أطراف، فمسح بكل طرف مسحة أجزأه، وإن كانت الأحجار الثلاثة أفضل من حجر له ثلاثة أحرف، للقبل ثلاثة أحجار، وللدبر ثلاثة أحجار، إذا حصل الإنقاء بها، فإن لم يحصل الإنقاء بها وجب رابع، فإن حصل الإنقاء به استحب خامس للإيتار به, وهكذا يجب الإنقاء مهما زاد، ويستحب الإيتار.**

ئىككىنچى مەسىلە: تاش (چالما) تۇتۇشنىڭ تاق بولۇشى. ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ھەنبەلىي مەزھىپى مۇنداق قارايدۇ: ئىستىنجا قىلىش، نىجاسەتنىڭ ئۆزىنى يوقىتىش ئۈچۈن تاش (چالما) بىلەن كۇپايىلىنىش، ئۈچ قېتىم سۈرتۈشنى تولۇق ئورۇنلاش لازىم. مۇبادا ئۈچ قىرى بار بىر تاش بىلەن پاكلىنىلسا، ئالدى تەرەپ ئۈچۈن ئۈچ تاش، كەينى تەرەپ ئۈچۈن ئۈچ تاش بىلەن پاكلىنىش ھاسىل بولغان چاغدىكى ئۈچ تاش ئۈچ قىرلىق بىر تاشتىن ئەۋزەل بولسىمۇ تاشنىڭ ھەر بىر قىرى بىلەن بىر سۈرتۈش ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ (ئۈچ) بىلەن پاكلىنىش ھاسىل بولمىسا تۆتىنچىسى ۋاجىپ بولىدۇ. تۆتىنچىسى بىلەن پاكلىنىش ھاسىل بولسا تاق قىلىش ئۈچۈن بەشىنچىسى مۇستەھەپ بولىدۇ. قانچىلىك ئاشسۇن مانا شۇنداق پاكلىنىش ۋاجىپ، تاق قىلىش مۇستەھەپ بولىدۇ.

**وذهب المالكية والحنفية إلى أن الشرط الإنقاء فقط ولو حصل بحجر واحد ومسحة واحدة، وقالوا: إن أحاديث الثلاثة محمولة على الندب مبالغة في الإنقاء.**

ئىمام مالىك، ئىمام ھەنەفىي مەزھىپىدىكىلەر مۇنداق قارىدى: شەرت ـــ بىر تاش ۋە بىر قېتىم سۈرتۈش بىلەن بولسىمۇ، پەقەتلا پاكلىنىش. ئۇلار مۇنداق دېدى: ”ئۈچ“ سۆزلىرى يېتەرلىك پاكلىنىش ئۈچۈن قىلىنىش تەلەپ قىلىنغان ياخشى ئىش ھۆكمىگە مەنسۇپ.

**وهل تقوم الخرق والورق المتشرب مقام الأحجار؟ التحقيق نعم، لأن المعنى فيه أن يكون مزيلا مانعا من الانتشار، ولهذا قال الشافعية: والذي يقوم مقام الحجر كل جامد [فلا يصلح الرطب] طاهر، مزيل للعين، [فلا يصلح الزجاج] ليس له حرمة كحيطان المساجد، وأوراق كتب العلم، ولا هو جزء من حيوان، وزاد بعضهم أن لا يكون نفيسا، فلا يصلح بالذهب والفضة واللآلي.**

لاتىلار ۋە نەم سۈمۈرىدىغان قەغەز تاش ئورنىدا بولامدۇ؟ ئەمەلىيەت ئاشۇنداق، چۈنكى ئۇنىڭدا كۆزدە تۇتۇلغىنى ئۇنىڭ نىجاسەتنى يوقاتقۇچى، تارقىلىشتىن توسقۇچى بولۇشى، بۇ سەۋەبتىن ئىمام شافىئىي مەزھىپى مۇنداق دېدى: تاشنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان نەرسە پاكىز ھەر بىر ئورگانىك ماددا (شۇڭا ئوت-چۆپ بولمايدۇ)، غەيرى شەكىل ئالمىغان (شۇڭا ئەينەك بولمايدۇ)، مەسچىتنىڭ تاملىرى، ئىلىم ئۆگىنىدىغان كىتابلارنىڭ ۋاراقلىرىغا ئوخشاش ھۆرمەتلىنىشكە ئىگە بولمىغان ۋە ھايۋانلارنىڭ بىرەر ئەزاسىمۇ بولمىغان ھەر بىر نەرسىدۇر. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭ قىممەتلىك بويۇم بولماسلىقىنى قوشۇمچە قىلدى. شۇڭا ئۇ ئالتۇن، كۈمۈش، مەرۋايىتلار بىلەن ھاسىل بولمايدۇ.

**هذا وقد قال النووي: الذي عليه الجماهير من السلف والخلف وأجمع عليه أهل الفتوى من أئمة الأمصار أن الأفضل أن يجمع بين الماء والحجر فيستعمل الحجر أولا، لتخف النجاسة، وتقل مباشرتها باليد، ثم يستعمل الماء، فإن أراد الاقتصار على أحدهما مع وجود الآخر جاز، والماء حينئذ أفضل من الحجر، لأن الماء يطهر المحل طهارة حقيقية، وأما الحجر فلا يطهره، وإنما يخفف النجاسة، ويبيح الصلاة مع النجاسة المعفو عنها.**

ئىش مانا شۇنداق. ئىمام نەۋەۋىي مۇنداق دېدى: «سەلەب ۋە خەلەپ ئالىملىرىنىڭ كۆپ

سانلىقىنىڭ، يۇرت پېشۋالىرىدىن بولغان پەتىۋا بەرگۈچىلەرنىڭ بىرلىككە كەلگىنى مۇنداق: ئەڭ ياخشىسى ــ سۇ ۋە تاشنىڭ ئارىسىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى؛ نىجاسەتنىڭ يەڭگىللىشى ۋە ئۇنىڭ قولىغا بىۋاستە يەتمەسلىكى ئۈچۈن ئالدى بىلەن تاش ئىشلىتىشى، ئاندىن سۇ ئىشلىتىشى. ئەگەر ئۇ ئىككىسىدىن بىرى بار بولسىمۇ بىرى بىلەن چەكلىنىشنى ئىرادە قىلسا ئۇمۇ جائىز بولىدۇ، سۇ ئاشۇ چاغدا تاشتىن ئەۋزەلرەك، چۈنكى ئۇ نىجاسەت ئورۇنلاشقان ئورۇننى ھەقىقىي پاكلايدۇ، ئەمما تاش ئۇنى پاكلىيالمايدۇ، بەلكى نىجاسەتنى يەڭگىللەشتۈرىدۇ. ناماز تىزگىنلەنگەن نىجاسەت بىلەنمۇ ئورۇنلۇق بولىدۇ.

**المسألة الثالثة: غسل اليدين قبل إدخالهما إناء السائل، إن قام من النوم. ومذهب الجمهور من الفقهاء والمحققين أن غسل اليدين قبل غمسهما لمن قام من النوم، أو شك في نجاستهما مندوب، ويكره تركه، وذهب الإمام أحمد إلى وجوب الغسل عند القيام من نوم الليل دون نوم النهار، والجمهور على أن الماء لا ينجس إذا غمس يده فيه قبل غسلهما، لأن الأصل في اليد والماء الطهارة، فلا ينجس بالشك. والله أعلم.**

ئۈچىنچى مەسىلە: ئەگەر ئۇيقۇدىن تۇرغان بولسا، ئىككى قولىنى سۇيۇقلۇق (سۇ) قاچىسىغا تىقىشتىن ئىلگىرى ئۇنى يۇيۇش. كۆپ ساندىكى فىقھىي ئالىملىرى ۋە ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ قارىشى ـ ئۇيقۇدىن تۇرغان، ياكى ئىككى قولىنىڭ نىجاسەت ئېكەنلىكىدىن گۇمانلانغان كىشىگە ئىككى قولىنى سۇغا پاتۇرۇشتىن ئىلگىرى يۇيۇش بولسا تەلەپ قىلىنغان ياخشى ئىشتۇر، ئۇنى تەرك ئېتىش ياخشى كۆرۈلمەيدۇ. ئىمام ئەھمەد كۈندۈزدىكى ئۇيقۇ ئەمەس، كېچىدىكى ئۇيقۇدىن تۇرغان چاغدا يۇيۇش ۋاجىپ دېگەن قاراشقا كەلدى. كۆپ ساندىكى ئالىملار: ئىككى قولنى يۇيۇشتىن ئىلگىرى قولىنى سۇغا تىقسا سۇ نىجاسەت بولمايدۇ، دېگەن قاراشقا كەلدى، چۈنكى قول ۋە سۇ ئەسلىدە پاك، گۇمان بىلەن نىجاسەت بولمايدۇ. ئاللاھ ئەڭ بىلگۈچىدۇر.

## أَسْئِلَةٌ (سوئاللار)

**1. الحديث رمز لحرص الإسلام على المبالغة فى النظافة. اشرح ذلك فى ضوء درستك له، واشرحه بأسلوبك مستوفيا المعانى والأهداف.**

ھەدىس ئىسلام دىنىنىڭ پېتەرلىك پاكىز بولۇشىغا كۆڭۈل بولىدىغانلىقىنىڭ بىر سىمۋولى. ئاشۇنى ئۆزىڭىزنىڭ ئۆگەنگەنلىرىڭىز ئاساسىدا چۈشەندۈرۈڭ ۋە ئۇنى مەنا ۋە مەقسەتكە ئۇيغۇن بولغان ھالدا ئۆز ئۇسلۇبىڭىز بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

**2. قوله "إذا توضأ أحدكم فليجعل فى أنفه ماء ... إلخ. يوهم ظاهره أن الاستنشاق بعد الوضوء مع أنه ليس كذلك فما توجيهه بلاغيا؟**

ھەدىسنىڭ «سىلەردىن بىرىڭىز تاھارەت ئالسا، بۇرنىغا سۇ ئالسۇن» دېگەن سۆزىنىڭ ئاشكارا مەنىسىنى ئىش ئاشۇنداق بولمىسىمۇ، بۇرنىغا سۇ ئېلىش تاھارەتتىن كېيىن بولىدۇ دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئىستىلىستىكا جەھەتتىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى قانداق؟

3. وما هو الاستجمار؟ وما أصل اشتقاقه؟

«تاش تۇتۇش» (اَلاِسْتِجْمَارُ) نىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۇ ياسىلىپ چىققان يىلتىز قايسى؟

4. "أين باتت يده" كناية. فما المقصود منها؟

«ئۇخلىغاندا قولىنىڭ نەدە بولىدىغانلىقى» دېگەن ئىبارە بىر كىنايە، ئۇنىڭدىن مەقسەت قىلىنغىنى نېمە؟

5. وما آراء الفقهاء في حكم الاستنشاق والاستنثار؟ وما موقف كل من الفريقين من الأمر بهما في الحديث؟

فىقھى ئالىملىرىنىڭ بۇرنىغا سۇ ئېلىش، بۇرنىنى چايقاشنىڭ ھۆكمى ھەققىدىكى قاراشلىرى نېمە؟ ھەدىستە ئۇ ئىككى ئىشقا بۇيرۇشتىن كېلىپ چىققان ئىككى گۇرۇھنىڭ ھەر بىرىنىڭ پوزىتسىيەسى نېمە؟

6. وما كمال كيفيتهما؟ وما آراء الفقهاء في العدد في الاستجمار؟

ئۇ ئىككىسىنىڭ كامىل بولۇش ھالىتى قانداق؟ فىقھى ئالىملىرىنىڭ تەرەتتىن كېيىن تاش تۇتۇشنىڭ سانىغا قاراشلىرى قانداق؟

7. وهل يقوم الورق الذي يتشرب مقام الأحجار؟ وماذا اشترط جمهور العلماء في بديل الأحجار؟ وهل تكفي الأحجار أو بديلها عن الماء مع تيسره؟ وجه ما تقول.

نەملىك سۈمۈرىدىغان قەغەز تاشنىڭ ئورنىدا بولالامدۇ؟ كۆپچىلىك ئالىملار تاشنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان نەرسىلەرگە نېمىلەرنى شەرت قىلدى؟ سۇ قولاي بولسىمۇ سىز تاش ياكى تاشنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان نەرسە بىلەن سۇدىن بىھاجەت بولامسىز؟ دېمەكچى بولغىنىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ.

8. وما آراء الفقهاء في حكم غسل اليدين قبل غمسهما في السائل؟ وما حكم السائل إذا غمست فيه يد نائم لم يغسل؟

فىقھى ئالىملىرىنىڭ ئىككى قولنى سۇيۇقلۇققا (سۇغا) تىقىشتىن ئىلگىرى ئۇ ئىككىسىنى يۇيۇش ھۆكمى ھەققىدىكى قاراشلىرى نېمە؟ ئۇخلىغان كىشى قولىنى يۇيماي سۇيۇقلۇققا (سۇغا) تىققان چاغدىكى سۇيۇقلۇقنىڭ (سۇنىڭ) ھۆكمى نېمە؟

## شَرْحُ الْكَلِمَاتِ

| | |
|---|---|
| تَوَضَّأَ لِلْعِبَادَةِ / غَسَلَ وَمَسَحَ عَلَى أَعْضَاءٍ مَخْصُوصَةٍ | تاھارەت ئالدى |
| إِذَا تَوَضَّأَ / إِذَا أَرَادَ أَنْ يَتَوَضَّأَ | تاھارەت ئالماقچى بولسا، تاھارەت ئېلىشقا باشلىسا |
| فَلْيَجْعَلْ فِي أَنْفِهِ / فَلْيَجْعَلْ فِي أَنْفِهِ مَاءً | بۇرنىدا سۇ بار قىلسۇن، بۇرنىغا سۇ ئالسۇن |
| نَثَرَ يَنْثُرُ وَيَنْثِرُ نَثْرًا الشَّيْءَ / رَمَاهُ مُتَفَرِّقًا | پۈركىدى، پۈركۈپ چىقاردى؛ چايقىدى |
| اِسْتَجْمَرَ / مَسَحَ الْبَوْلَ أَوِ الْغَائِطَ بِالْجِمَارِ | چوڭ ياكى كىچىك تەرەتنى تاش بىلەن سۈرتتى، تەرەتتىن كېيىن تاش تۇتتى |
| أَوْتَرَ الْعَدَدَ / أَفْرَدَهُ | تاق قىلدى |
| اِسْتَيْقَظَ مِنْ نَوْمِهِ / صَحَا | ئويغاندى |
| أَدْخَلَهُ فِيهِ / صَيَّرَهُ دَاخِلَهُ أَوْ جَعَلَهُ يَدْخُلُهُ | كىرگۈزدى، تىقتى |
| وَضُوءٌ / مَاءٌ يَتَوَضَّأُ بِهِ | تاھارەت ئالىدىغان سۇ، تاھارەت سۈيى |

| | |
|---|---|
| وُضُوءٌ / نَظَافَةٌ | پاكلىق، پاكىزلىق |
| وُضُوءٌ / تَوَضُّؤٌ | تاھارەت |
| بَاتَ يَبَاتُ وَيَبِيتُ بَيْتًا فِي الْمَكَانِ / أَقَامَ فِيهِ اللَّيْلَ | كېچىنى ئۆتكۈزدى، قوندى، تونۇدى |
| بَاتَ النَّاسُ / نَامُوا فِي اللَّيْلِ | كېچىدە ئۇخلىدى |
| بَاتَ الشَّيْءُ / مَضَتْ عَلَيْهِ لَيْلَةٌ | بىر كېچە ئۆتتى |

## المعنى العام

| | |
|---|---|
| أَعْلَى دَرَجَاتِ النَّظَافَةِ | پاكىزلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى |
| أَسْمَى مَرَاتِبِ الطَّهَارَةِ | پاكلىقنىڭ ئەڭ يۈكسەك مەرتىۋىسى |
| كَلَّفَهُ أَمْرًا أَوْ بِهِ / أَوْجَبَهُ عَلَيْهِ أَوْ فَرَضَهُ عَلَيْهِ أَوْ أَمَرَهُ بِهِ | تاپشۇردى، بەلگىلىدى، بۇيرىدى |
| اِحْتِيَاطًا / حَذَرًا | ئېھتىيات ئۈچۈن |
| بَالَغَ فِي الْأَمْرِ / اِجْتَهَدَ فِيهِ أَوْ غَالَى فِيهِ | ...نى كۈچەپ قىلدى، ئاشۇرۇپ قىلدى، يېتەرلىك قىلدى |
| بَالَغَ فِي الْغَسْلِ | يېتەرلىك يۇيدى |
| مَا لاَ يُهْتَمُّ بِغَسْلِهِ | يۇيۇش مۇھىم ھېسابلانمايدىغان جاي |
| جَيْبُ الْأَنْفِ | بۇرۇن كاۋىكى |
| اِسْتَبْرَأَ مِنَ النَّجَسِ أَوِ الْبَوْلِ / اِسْتَنْقَى مِنْهُ | (نىجاسەتتىن ياكى سۈيدۈكتىن) پاكلاندى |
| اِسْتِبْرَاءٌ / طَلَبُ بَرَاءَةِ الْمَخْرَجِ مِنْ أَثَرِ الْبَوْلِ | ئىستىبرا (سۈيدۈك يولى ئېغىزىنى سۈيدۈك قالدۇقىدىن پاكلاش) |
| اَلْمُبَالَغَةُ فِي اِسْتِبْرَاءِ النَّجَاسَةِ | نىجاسەتتىن يېتەرلىك پاكلىنىش |
| وَلَوْ مَعَ تَحَقُّقِ إِزَالَتِهَا / وَلَوْ كَانَ اِسْتِبْرَاؤُهَا مَعَ تَحَقُّقِ إِزَالَتِهَا | ئۇ (نىجاسەت)نىڭ يوقۇلۇشى ئەمەلىيلىشىش بىلەن بولسىمۇ |
| رَمَى يَرْمِي رَمْيًا اَلْحَدِيثُ إِلَى ... / قصد ، عَنَى | مەقسەت قىلدى، كۆزدە تۇتتى |
| مُتَوَضِّئٌ | تاھارەت ئالغۇچى |
| خَيْشُومٌ ج خَيَاشِيمُ / أَقْصَى الْأَنْفِ | بۇرۇننىڭ ئەڭ تۆرى، بۇرۇن بوشلۇقى، دىماق |
| مُنْحَنًى ج مُنْحَنَيَاتٌ / مُنْعَرِجُ الْوَادِي | ئەگرىندى |
| مُنْخَنَيَاتُ الْأَنْفِ | بۇرۇن ئەگرىندىلىرى، بۇرۇن كاۋاكلىرى |
| مُسْتَجْمِرٌ | تەرەتتىن كېيىن تاش تۇتقۇچى |
| بَقَايَا الْبَوْلِ أَوِ الْغَائِطِ | سۈيدۈك ياكى چوڭ تەرەتنىڭ قالدۇقلىرى |
| اَلْمُسْتَجْمِرُ بِالْأَحْجَارِ الْمُنَقَّى بِهَا بَقَايَا الْبَوْلِ أَوِ الْغَائِطِ | سۈيدۈك ياكى چوڭ تەرەتنىڭ قالدۇقلىرى پاكلىنىدىغان تاشلارنى تۇتقۇچى |
| قَلَّ نَوْمُهُ أَوْ كَثُرَ / سَوَاءٌ أَقَلَّ نَوْمُهُ أَوْ كَثُرَ | ئۇيقۇسى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن |
| فَخُرَ يَفْخُرُ فَخَارَةً / كَانَ فَاخِرًا | ھەشەمەتلىك بولدى |
| حَقُرَ يَحْقُرُ حَقَارَةً / هَانَ وَذَلَّ | ناچار بولدى، خار بولدى |
| إِلَى أَيِّ الْمُسْتَقْذَرَاتِ تَعَرَّضَتْ | ئۇ (قول) قايسى پاسكىنا نەرسىلەرگە يولۇقتى |
| مَنْعَمٌ ج مَنَاعِمُ / أَرْضٌ غَلِيظٌ | بوز يەر، تاقىر يەر |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| مَنَاعِمُ الْجِسْمِ | بەدەننىڭ پاك بولمىغان يەرلىرى |
| اِحْتَكَّ بِالشَّيْءِ / حَكَّ نَفْسَهُ بِهِ | سۈركەلدى، تەگدى |
| بَيْنَ الْفَخْذَيْنِ | ئىككى كاسا ئارىلىقى، ئىككى چاتراق ئارىلىقى |
| عَلَّقَ الشَّيْءَ بِالشَّيْءِ / وَضَعَهُ عَلَيْهِ | ئاستى، ئىلدى |
| عُلِّقَ بِهَا عِرْقٌ خَبِيثٌ | سېسىق تەر ئۇنىڭغا ئىلىندى، يۇقتى |
| رِيحٌ كَرِيهٌ | يېقىمسىز پۇراق |
| دَلَكَ يَدْلُكُ دَلْكًا الشَّيْءَ / دَعَكَهُ وَعَرَكَهُ | سۈركىدى، سىلىدى |
| مَدَاخِلُ الْأَنْفِ | بورۇن تۆشۈكلىرى |
| إِفْرَازٌ ج إِفْرَازَاتٌ / مَا يُخْرِجُهُ الْجَسَدُ كَالْعِرْقِ | ئاجرالما، ئىچكى ئاجرالما |
| إِفْرَازَاتُ الْأَنْفِ | بۇرۇننىڭ ئىچكى ئاجرالمىلىرى، ماڭقىلار |
| إِفْرَازَاتُ الْعَيْنِ | كۆزنىڭ ئىچكى ئاجرالمىلىرى، چاپاقلار |
| مَا لَوْ وَضَعَ فِي سَائِلٍ آذَاهُ | سۇيۇقلۇققا سېلىنسا زىيان يەتكۈزىدىغان نەرسە |
| صَلاَحِيَّتُهُ لِلشُّرْبِ | ئۇ (سۇيۇقلۇق)نىڭ ئىچىشكە يارامىلىق بولۇشى |
| دُونَ تَقَزُّزٍ أَوِ اِشْمِئْزَازٍ | زېرىكمەي ـ تېرىكمەي |
| صَبَّ يَصُبُّ الْمَاءَ / سَكَبَهُ | تۆكتى، قۇيدى |
| غَمَسَ يَغْمِسُ غَمْسًا الشَّيْءَ فِي الْمَاءِ / غَمَرَهُ | پاتۇردى، چۆكۈردى |
| حَتَّى مَنْ لاَ يَعْتَمِدُ تَلَوُّثَهُمَا | ھەتتا ئىككى قولنى بۇلغانمىغان دەپ قارايدىغان كىشى |
| كُلَّمَا طَالَ النَّوْمُ | ئۇيقا ئۇزارغانسېرى |
| كُلَّمَا كَانَ اِحْتِمَالُ التَّعَرُّضِ لِلتَّلَوُّثِ أَكْثَرَ | بۇلغىنىشقا يولۇقۇشى ئېھتىمالى كوپ بولغانسېرى |
| آكَدُ / وَثِيقٌ جِدًّا | ناھايىتى چىڭ، ناھايىتى قەتئىي |

## المباحث العربية

| | |
|---|---|
| شَارَفَ الْمُكَانَ / دَنَا مِنْهُ | يېقىنلاشتى |
| مَجَازُ الْمُشَارَفَةِ | يېقىنلاشما تۇس كۆچمە مەنىسى |
| أَشْرَفَ عَلَى الشَّيْءِ / دَنَا مِنْهُ | يېقىنلاشتى، كىرىشتى |
| مَنْخَرٌ ج مَنَاخِرُ / ثُقُبُ الْأَنْفِ | بورۇن تۆشۈكى |
| اِسْتَنْشَقَ الْمَاءَ فِي أَنْفِهِ / صَبَّهُ فِيهِ | بۇرنىغا سۇ ئالدى |
| مُخَاطٌ ج أَمْخِطَةٌ / مَا يَسِيلُ مِنَ الْأَنْفِ | پوتلا، ماڭقا |
| اِسْتَنْثَرَ / أَخْرَجَ مَا فِي أَنْفِهِ مُتَفَرِّقًا | بۇرنىدىكىنى پۈركۈپ چىقاردى، مىشقاردى |
| عُمُومُ النَّوْمِ بِاللَّيْلِ أَوِ النَّهَارِ | ئۇيقۇنىڭ كېچىگە ياكى كۈندۈزگە ئام بولۇشى |
| قَدْ تَخَصَّصَ هَذَا الْعُمُومُ | بۇ ئومۇملۇق خاسلىنىلدى |
| وَلاَ عَلاَمَ وَضَعَهَا / وَلاَ يَدْرِي عَلَى أَيِّ شَيْءٍ وَضَعَهَا | ئۇ (قولى)نى نېمىنىڭ ئۈستىدە قويغانلىقىنى بىلمەيدۇ |

## فقه الحديث

| | |
|---|---|
| تَنَاوَلَ مَوْضُوعًا / عَالَجَهُ، تَحَدَّثَ عَنْهُ | ھەل قىلدى، تىلغا ئالدى، سۆزلەپ ئۆتتى |
| تَنَاوَلَ الطَّعَامَ / أَكَلَهُ | يېدى |
| ثَلاَثُ مَسَائِلَ فِقْهِيَّةٍ | فىقھىيگە دائىر ئۈچ مەسىلە |
| كَمَالُ الاِسْتِنْثَارِ | بۇرۇننى چايقاشنىڭ كامىل بولۇشى |
| جَذْبُهُ بِالنَّفَسِ إِلَى أَقْصَاهُ | ئۇ (سۇ)نى نەپەس بىلەن بۇرۇننىڭ ئەڭ تۆرىگە تارتىش |
| طَرْدُ الْمَاءِ مَعَ مَا فِي الْأَنْفِ إِلَى الْخَارِجِ | سۇنى بۇرۇننىڭ ئىچىدىكى نەرسە بىلەن سىرتقا چىقىرىش |
| اِسْتَحَبَّهُ / اِسْتَحْسَنَهُ | ياخشى كۆردى، ياخشى دەپ قارىدى |
| تُسْتَحَبُّ الْمُبَالَغَةُ فِي الْاِسْتِنْشَاقِ | بۇرنىغا يېتەرلىك سۇ ئېلىش، ياخشى كۆرۈلىدۇ |
| إِلاَّ أَنْ يَكُونَ صَائِمًا | روزىدار بولمىغان ھالدا، روزىدار بولغان چاغدىن باشقىسىدا |
| أَقَلُّ الْاِسْتِنْشَاقِ | بۇرۇنغا سۇ ئېلىشنىڭ ئەڭ تۆۋىنى |
| قَلِيلٌ مِنَ الْمَاءِ | ئاز بىر قىسىم سۇ، بىر ئاز سۇ |
| مُقَدَّمُ الْأَنْفِ | بۇرۇننىڭ ئالدى قىسمى، بۇرۇننىڭ ئۇچى |
| فَتْحَتَا الْأَنْفِ | بۇرۇننىڭ ئىككى تۆشۈكى |
| مَذْهَبٌ / رَأْيٌ | قاراش |
| مَذْهَبٌ / مُعْتَقَدٌ | ئەقىدە، مەسلەك، تۇتقان يول |
| مَذْهَبٌ | ئېقىم، مەزھەپ |
| مَذْهَبُ مَالِكٍ وَالشَّافِعِيِّ وَأَصْحَابِهِمَا | مالىك شافىئىي ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ مەزھەپدىكىلەرنىڭ قارشى |
| نَدْبٌ / هُوَ مَا طَلَبَ الشَّارِعُ فِعْلَهُ مِنْ غَيْرِ إِلْزَامٍ | قىلىش تەلەپ قىلىنغان ياخشى ئىش |

نَدَبَ يَنْدُبُ نَدْبًا فُلاَنًا لِلْأَمْرِ أَوِ إِلَى الْأَمْرِ / دَعَاهُ وَرَشَّحَهُ لِلْقِيَامِ بِهِ وَحَثَّهُ عَلَيْهِ

...نى مەلۇم ئىشنى ئورۇنلاشقا چاقىردى، تەكلىپ بەردى ۋە ئۇنىڭغا ئۈندىدى

اَلْمَشْهُورُ / اَلْحَدِيثُ الْمَشْهُورُ (مَا رَوَاهُ أَكْثَرُ مِنَ اِثْنَيْنِ بِحَيْثُ لَمْ يَجْتَمِعْ فِيهِ شُرُوطُ الْمُتَوَاتِرِ)

مەشھۇر ھەدىس (ئىككىدىن ئارتۇق كىشى رىۋايەت قىلغان مۇتەۋاتىر ھەدىس شەرتلىرى تولۇقلانمىغان ھەدىس )

| | |
|---|---|
| بِدُونِهِ / بِدُونِ الْاِسْتِنْشَاقِ | ئۇنىڭسىز، بۇرنىغا سۇ ئالماستىن |
| حَمَلُوا الْأَمْرَ عَلَى الْوُجُوبِ | ئۇلار (ھەدىستىكى) بۇيرۇقنى ۋاجىپ ھۆكمىدە قىلدى |
| اِسْتَقْصَى الْأَمْرَ / بَلَغَ أَقْصَاهُ فِي الْبَحْثِ عَنْهُ | چوڭقۇر ئىزدەندى |
| عَلَى الْإِسْتِقْصَاءِ | چوڭقۇر ئىزدىنىش ئاساسىدا |
| دُونَ الْوُضُوءِ | تاھارەتتىن سىرتى، تاھارەتتە ئەمەس |
| مُسْتَحَبٌّ / مَا رَغَّبَ فِيهِ الشَّارِعُ وَلَمْ يُوجِبْهُ | مۇستەھەپ، ياخشى كۆرۈلىدىغان ئەمەل |
| كَمَالُ كَيْفِيَّتِهِ | ئۇ (چايقاش)نىڭ كامىل ھالىتى |
| بِرِفْقٍ | يەڭگىل ھالدا، يەڭگىل |
| لِئَلاَّ يُصِيبَ مَا حَوْلَهُ | بۇرۇننىڭ ئەتراپىغا ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن |
| يَسْتَعِينُ فِي ذَلِكَ بِأَصَابِعِ يَدِهِ الْيُسْرَى | ئاشۇنداق قىلىشتا سول قولىنىڭ بارماقلىرىدىن پايدىلىنىدۇ |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| ضَغَطَ يَضْغَطُ ضَغْطًا عَلَيْهِ / عَصَرَهُ | سىقتى، باستى |
| اِسْتَنْجَى الْمُحْدِثُ / تَطَهَّرَ بِالْمَاءِ | ئىستىنجا قىلدى |
| اِسْتِنْجَاءُ / اِسْتِعْمَالُ الْمَاءِ بِقَصْدِ إِزَالَةِ النَّجْوِ أَيِ الْغَائِطِ | ئىستىنجا (تەرەتنىڭ قالدۇقنى يوقىتىش مەقسىتىدە سۇ ئىشلىتىش) |
| مِنْ إِزَالَةِ عَيْنِ النَّجَاسَةِ | نىجاسەتنىڭ ئۆزىنى يوقىتىش ئۈچۈن |
| اِسْتَوْفَى حَقَّهُ / أَخَذَهُ كَامِلاً | ھەققىنى تولۇق ئالدى |
| اِسْتَوْفَى حَاجِيَّاتِهِ | ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى تولۇق قاندۇردى |
| اِسْتِيفَاءُ ثَلاَثِ مَسْحَاتٍ | ئۈچ قېتىم سۈرتۈشنى تولۇق ئورۇنلاش |
| طَرَفٌ ج أَطْرَافٌ / حَرْفُ الشَّيْءِ، مُنْتَهَى كُلِّ شَيْءٍ | ئۈچ، قىر، يان |
| طَرَفُ الْحَجَرِ | تاشنىڭ قىرى، يان تەرىپى |
| حَجَرٌ وَاحِدٌ لَهُ ثَلاَثَةُ أَطْرَافٍ | ئۈچ قىرى بار بىر تاش |
| أَجْزَأَ الشَّيْءُ فُلاَنًا / كَفَاهُ | ئۇنىڭغا كۇپايە قىلدى، يەتتى |
| دُبُرٌ ج أَدْبَارٌ / خَلْفٌ | ئارقا |
| دُبُرٌ / اِسْتٌ | مەقئەت، قوڭ |
| قُبُلٌ ج أَقْبَالٌ مِنْ كُلِّ شَيْءٍ / مُقَدَّمُهُ | ئالدى |
| قُبُلٌ مِنَ الرَّجُلِ وَالْمَرْأَةِ / عَوْرَةٌ أَمَامِيَّةٌ | ئالدى ئۇيات جايى، ئەۋرەت |
| أَنْقَى الشَّيْءُ / بَلَغَ النَّقَاءَ | پاك بولدى، پاكلاندى |
| أَنْقَى الشَّيْءَ / جَعَلَهُ نَقِيًّا | پاك قىلدى، پاكلىدى |
| حَرْفٌ ج أَحْرُفٌ و حُرُوفٌ / طَرَفٌ وَحَدٌّ | ئۈچ، قىر |
| حَجَرٌ لَهُ ثَلاَثَةُ أَحْرُفٍ | ئۈچ قىرى بار بىر تاش |
| لِلْقُبُلِ ثَلاَثَةُ أَحْجَارٍ وَلِلدُّبُرِ ثَلاَثَةُ أَحْجَارٍ إِذَا حَصَلَ الْإِنْقَاءُ بِهَا | ئالدى تەرەپ ئۈچۈن ئۈچ تاش، كەينى تەرەپ ئۈچۈن ئۈچ تاش بىلەن پاكلىنىش ھاسىل بولغان چاغدا |
| مَهْمَا زَادَ | قانچىلىك ئاشمىسۇن |
| أَحَادِيثُ الثَّلاَثَةِ | «ئۈچ» سۆزلىرى |
| مَحْمُولَةٌ عَلَى النَّدْبِ مُبَالَغَةً فِي الْإِنْقَاءِ | يېتەرلىك پاكلىنىش ئۈچۈن قىلىش تەلەپ قىلىنغان ياخشى ئىش ھۆكمىگە مەنسۇپ |
| خِرْقَةٌ ج خِرَقٌ / قِطْعَةٌ مِنَ الثَّوْبِ الْمُمَزَّقِ | لاتا، يىرتىق كىيىم پارچىسى |
| وَرَقٌ مُتَشَرِّبٌ | نەم سۈمۈرىدىغان قەغەز |
| اَلتَّحْقِيقُ نَعَمْ | ئەمەلىيەت ئاشۇنداق |
| اَلْمَعْنَى فِيهِ / اَلْمَقْصُودُ مِنْهُ | ...دىن كۆزدە تۇتۇلغىنى |
| أَنْ يَكُونَ مُزِيلاً مَانِعًا مِنَ الاِنْتِشَارِ | ئۇنىڭ (نىجاسەتنى) يوقاتقۇچى، تارقىلىشتىن توسقۇچى بولۇشى |
| جَامِدٌ / مَا لَيْسَ بِهِ نُمُوٌّ وَحَرَكَةٌ وَحَيَاةٌ | نېئورگانىك ماددا، مەدەن |
| لَعِينٌ / مَمْسُوخٌ | شەكلى ئۆزگەرگەن، غەيرى شەكىللىك |
| مُزِيلٌ لِلَّعِينِ | غەيرى شەكىلدىن يىراق بولغان، غەيرى شەكىل ئالمىغان |
| رُطْبٌ / جَمَاعَةُ الْعُشْبِ الْأَخْضَرِ | ئوت ـ چۆپ |

| | |
|---|---|
| حِيطَانُ الْمَسْجِدِ | مەسچىتنىڭ تاملىرى |
| نَفِيسٌ / قَيِّمٌ . عَظِيمُ الْقِيمَةِ | قىممەتلىك، قىممىتى زور |
| لُؤْلُؤٌ ج لآلِئُ / دُرٌّ | مەرۋايىت |
| هَذَا وَقَدْ طَالَ النَّوَوِيُّ / اَلْأَمْرُ هَذَا وَقَدْ قَالَ النَّوَوِيُّ | ئىش مۇشۇنداق ، نەۋەۋى مۇنداق دېدى |
| أَجْمَعَ الْقَوْمُ عَلَى الْأَمْرِ / اِتَّفَقُوا عَلَيْهِ | گە بىرلىككە كەلدى |
| أَهْلُ الْفَتوَى | پەتىۋا بەرگۈچىلەر |
| أَئِمَّةُ الْأَمْصَارِ | يۇرت پېشۋالىرى |
| لِتَقُلَّ مُبَاشَرَتُهَا بِالْيَدِ | ئۇنىڭ قولغا بىۋاسىتە بېتىشنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئۇ قولغا بىۋاستە يەتمەسلىك ئۈچۈن |
| أَبَاحَ الشَّيْءَ / أَجَازَهُ | يول قويدى، رۇخسەت قىلدى، ئىجازەت قىلدى |
| أَبَاحَ الْأَمْرَ / حَلَّلَهُ | قانۇنلۇق قىلدى، دۇرۇس قىلدى |
| عَفَا يَعْفُو عَفْوًا عَنِ الشَّيْءِ / أَمْسَكَ عَنْهُ | چەكلىدى، تىزگىنلىدى |
| اَلنَّجَاسَةُ الْمَعْفُوُّ عَنْهَا | تىزگىنلەنگەن نىجاسەت |
| مُحَقِّقٌ / فَاحِصٌ . بَاحِثٌ | ئىزدەنگۈچى، تەتقىق قىلغۇچى |

مَنْدُوبٌ / هُوَ الْفِعْلُ الَّذِى رَاجِحًا عَلَى تَرْكِهِ فِى نَظْرِ الشَّارِعِ وَيَكُونُ تَرْكُهُ جَائِزًا

مەندۇپ، قىلىش تەلەپ قىلىش ياخشى ئىش (قىلىش تەرك ئېتىشنى ئارتۇق كۆرۈلىدىغان تەرك ئەتسىمۇ بولىدىغان ئىش)

| | |
|---|---|
| دُونَ نَوْمِ النَّهَارِ | كۈندۈزدىكى ئۇيقۇ ئەمەس |
| نَجَسَ يَنْجَسُ نَجَساً الشَّيْءُ / قَذِرَ | نىجاسەت بولدى، پاسكىنا بولدى |
| اَلْأَصْلُ فِى الْيَدِ وَالْمَاءِ الطَّهَارَةُ | قول ۋە سۇ ئەسلىدە پاك |

## الأسئلة

| | |
|---|---|
| رَمْزٌ ج رُمُوزٌ / عَلاَمَةٌ . شِعَارٌ | بەلگە، سىمۋول |
| فِى ضَوْءِ دِرَاسَتِكَ لَهُ | ئۇ (ھەدىس) نى ئۆگەنگىنىڭىز ئاساسىدا |
| مُسْتَوْفِيًّا الْمَعَانِىَ وَالْأَهْدَافَ | مەنە ۋە مەقسەتلەرگە ئۇيغۇن بولغان ھالدا |
| أَوْهَمَ أَنْ ... / أَوْقَعَهُ فِى الْوَهْمِ | ... دېگەن خىيالغا كەلتۈردى، كەلتۈرۈپ چىقاردى |
| مَعَ أَنَّهُ لَيْسَ كَذَلِكَ | ئىش ئاشۇنداق بولمىسىمۇ |
| فَمَا تَوْجِيهُهُ بَلاَغِيًّا؟ | ئۇنىڭ ئىستىلىستىكا جەھەتتىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى قانداق |
| مَا أَصْلُ اِشْتِقَاقِهِ؟ | ئۇ ياسىلىپ چىققان يىلتىز قايسى؟ |
| بَدِيلُ الْأَحْجَارِ | تاشنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان نەرسە |
| مَعَ تَيَسَّرِهِ | ئۇ (سۇ) قولاي بولسىمۇ |

**(نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسمائىل قادىر ھاجىم)**

# ئەرەب تىلىدىكى بەزى گراماتىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ قوللىنىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىسى[1]

## اِسْتِعْمَالُ بَعْضِ الْأَدَوَاتِ النَّحْوِيَّةِ الْعَرَبِيَّةِ وَتَرْجَمَتُهَا

### آحَاد

آحَادُ-ساناق سان أَحَدٌ (بىر) نىڭ كۆپلۈك سان شەكلى. ئۇنىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى مۇنۇ ئۈچ خىل:

1- ئۇنىڭ مەنىسى «بىرلىك، بىرلەر، بىرلەرخانىسى» بولۇپ، ئۇنىڭ جۈملىدە قانداق بۆلەك بولۇپ كېلىدىغانلىقىغا ئاساسەن ئۇنىڭ گراماتىكىلىق ئورنى تەھلىل قىلىنىدۇ:

- اَلآحَادُ قَبْلَ الْعَشَرَاتِ. بىرلىك ئونلۇقنىڭ ئالدىدا. (مۇبتەدا)
- أَظُنُّ آحَادَ هَذَا الْعَدَدِ زَوْجِيَّةً. مەن بۇ ساننىڭ بىرلىكى جۈپ سان دەپ قارايمەن. (تولدۇرغۇچى)
- تَجْمَعُ الآحَادُ الآحَادَ وَتَجْمَعُ الْعَشَرَاتُ الْعَشَرَاتِ. بىرلىكلەر بىرلىكلەرگە قوشۇلىدۇ، ئونلۇقلار ئونلۇقلارغا قوشۇلىدۇ.

2- «آحَادًا» «مُنْفَرِدِينَ» بىلەن مەنىداش «ئايرىم-ئايرىم، بىردىن-بىردىن» دېگەن مەنىدە جۈملىدە ھالەت بولۇپ، سۆز ئاخىرى پەتھەلىك كېلىدۇ.

- اِجْتَمَعَ الْقَوْمُ زُمَرًا وَتَفَرَّقُوا آحَادًا. كىشىلەر توپ-توپ يىغىلدى ۋە بىردىن-بىردىن تارقالدى.
- اِنْصَرَفَ الطُّلاَّبُ عَنْ حُجْرَةِ الدَّرْسِ آحَادًا بَعْدَ الدَّرْسِ.
  ئوقۇغۇچىلار دەرستىن كېيىن بىردىن-بىردىن دەرسخانىدىن كېتىپ قالدى.

3-«آحَادَ آحَادَ» مۇ «مُنْفَرِدِينَ» بىلەن مەنىداش ھالدا «بىردىن-بىردىن» دېگەن مەنىدە، جۈملىدە ھالەت بولۇپ، سۆز ئاخىرى پەتھەلىك كېلىدۇ.

- دَخَلَ الْجُنُودُ الصَّفَّ آحَادَ آحَادَ . جەڭچىلەر بىردىن-بىردىن قاتارغا كىردى.
- غَرَسْنَا الشُّجَيْرَاتِ آحَادَ آحَادَ. بىز كۆچەتلەرنى بىر تۈپ-بىر تۈپتىن تىكتۇق.

### أَخَذَ

«أَخَذَ ـُ أَخْذًا وَتَأْخَاذًا» - پېئىل، ئۇ تولۇق پېئىل ( اَلْفِعْلُ التَّامُّ ) رولىدىمۇ، ۋە تولۇقسىز پېئىل ( اَلْفِعْلُ النَّاقِصُ ) رولىدىمۇ قوللىنالايدۇ.

1. تولۇق پېئىل رولىدا كېلىشى:

1) بىر ئۆتۈملۈك پېئىل رولىدا كېلىدۇ « تَنَاوَلَ وَنَالَ » بىلەن مەنىداش ھالدا «ئالدى، ئىگىلىدى، ئېرىشتى» قاتارلىق مەنىلەردە كېلىدۇ.

- أَخَذَ عَبَّاسٌ طَرْدًا مِنْ مَكْتَبِ الْبَرِيدِ. ئابباس پوچتىخانىدىن پوسۇلكىنى ئالدى.
- يَأْخُذُ الشُّرْطِيُّ أَقْوَالَ الْمُجْرِمِ. ساقچى جىنايەتچىلەرنىڭ ئېغىز ئىقرارىنى ئالىدۇ.
- أَخَذْنَا مَوْقِفَ الْعَدْلِ . بىز ھەققانىي پوزىتسىيە قوللاندۇق.

2) ئالدى قوشۇلغۇچى ئارقىلىق ۋاستىلىق ئۆتۈملۈك پېئىل رولىدا كېلىدۇ.

- أَخَذَ وَهِيبٌ فِي كِتَابَةِ قَرَارِ تَحْقِيقِهِ . ۋەھىب تەكشۈرۈش دوكلاتىنى يېزىشقا كىرىشتى.

---

[1] بېشى ئالدىنقى ساندا.

– يَأْخُذُ الْوَلَدُ بِثَوْبِ أُمِّهِ . بالا ئانىسىنىڭ كىيىمىنى تۇتتى.
– أَخَذَتِ الْمَنَاظِرُ الْجَمِيلَةُ بِأَلْبَابِهِمْ . گۈزەل مەنزىرلەر ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى مەپتۇن قىلدى.
2 ـ تولۇقسىز پېئىل رولىدا كېلىشى
«أَخَذَ» ـ باشلانما تۈس پېئىلى ( فِعْلُ الشُّرُوعِ )، بۇ «كَادَ » تۈرىدىكى تولۇقسىز پېئىل. ئۇنىڭ ئىسمى بىر ئومۇمىي ئىسىمدىن كېلىدۇ. بىر كىشىلىك ئالماشتىنىمۇ كېلەلەيدۇ؛ ئۇنىڭ خەۋىرى ئورۇن جەھەتتە چوقۇم كېلىشتە كەلگەن بىر هازىرقى زامان پېئىللىق جۈملىسىدىن كېلىدۇ.
– أَخَذَتِ الرِّيحُ تَهُبُّ . شامال چىقىشقا باشلىدى.
– أَخَذْنَا نَتَمَتَّعُ بِسِحْرِ الطَّبِيعَةِ وَجَمَالِهَا. بىز تەبىئەتنىڭ سېھرى كۈچى ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن هوزۇرلىنىشقا باشلىدۇق.
– أَخَذَ الْإِنْسَانُ يَغْزُو الْفَضَاءِ . ئىنسانلار ئالەم بوشلۇقىغا يۈرۈش قىلىشقا باشلىدى.
« أَخَذَ » تولۇقسىز پېئىل رولىدا كەلگەندە تۈرلەنمەيدىغان ئۆتكەن زامان پېئىلى ( فِعْلٌ مَاضٍ جَامِدٌ ) بولىدۇ. « أَخَذَ » نىڭ تولۇقسىز پېئىل رولىدا قوللىنىلىشى ھەققىدە «تولۇقسىز پېئىللار» دىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلاردىن پايدىلىنىڭ.

## اِتَّخَذَ

اِتَّخَذَ ئۆتكەن زامان پېئىلى، ئۇنىڭ ئاساسلىق تۆۋەندىكى ئۈچ قوللىنىلىشى ۋە مەنىسى بار:
1 ـ اِتَّخَذ بىر ئۆتۈملۈك پېئىل «ئىشلەتتى، قوبۇل قىلدى، قوللاندى» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.
– اِتَّخَذَتِ الْحُكُومَةُ التَّدْبِيرَاتِ اللاَّزِمَةَ . هۆكۈمەت زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللاندى.
– اِتَّخَذَتِ اللَّجْنَةُ قَرَارًا بِهَذِهِ الْقَضِيَّةِ . كومىتېت بۇ مەسىلىدە بىر قارار قوبۇل قىلدى.
2 ـ اِتَّخَذَ قوش ئۆتۈملۈك پېئىل، اِعْتَبَرَ بىلەن مەنىداش، « قىلىۋالدى، قىلدى، ...دەپ قارىدى، ...دەپ بىلدى» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ .
– أَتَّخِذُكَ صَدِيقًا. مەن سېنى دوست قىلىۋالىمەن.
– نَتَّخِذُ الزِّرَاعَةَ أَسَاسًا لِلاِقْتِصَادِ الْوَطَنِيِّ. بىز يېزا ئىگىلىكىنى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي قىلىمىز.
3 ـ اِتَّخَذَ قوش ئۆتۈملۈك، تۈرلەنمەيدىغان پېئىل، «صَيَّرَ» بىلەن مەنىداش، ئۇ «قىلدى، قىلىۋالدى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچى تولدۇرغۇچىسى ۋە ئىككىنچى تولدۇرغۇچىسى ئەسلىي مۇبتەدا – خەۋەر مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ.
– ﴿اِتَّخَذَ اللهُ اِبْرَاهِيمَ خَلِيلاً﴾ ﴿ئاللا ئىبراھىمنى دوست تۇتتى﴾ ( النساء ٤ :١٢٥ )
– اِتَّخَذُوا اْلأَرْضَ الْبِكْرَ حُقُولاً . ئۇلار بوز يەرنى ئېتىز قىلدى.
– اِتَّخَذْنَا اللُّغَةَ وَسِيلَةً لِلْعَمَلِ . بىز تىلنى خىزمەتنىڭ بىر خىل ۋاستىسى قىلدۇق.

## آخِرُ

«آخِرُ ج أَوَاخِرُ » – « نِهَايَةٌ » بىلەن مەنىداش بولۇپ « ئاخىرقى، ئاخىرى، كېيىنكى » دېگەن مەنىدە، ياكى بولمىسا « اَلأَخِيرُ » بىلەن مەنىداش بولۇپ « يېقىنقى، ئەڭ يېڭى » دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.
« آخِرُ » ۋە ئۇنىڭ كۆپلۈك سانى « أَوَاخِرُ » تولۇقسىز تۈرلىنىشتىكى ئىسىم، جۈملىدە كۆپىنچە ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ بىرىنچى ئەزاسى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىككىنچى ئەزاسى ئېنىق ھالەت (كۆپلۈك سان ) دىكى ئىسىم ياكى ئېنىقسىز ھالەت بىرلىك ساندىكى ئىسىمدىن كېلىدۇ :
– خِلاَلَ الاِجْتِمَاعِ بَحَثَ الْجَانِبَانِ آخِرَتَطَوُّرَاتِ الْوَضْعِ فِي الْمِنْطَقَةِ .
يىغىن جەريانىدا ئىككى تەرەپ ھېلىقى رايون ۋەزىيىتىنىڭ يېقىنقى تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلدى.

– **اَلْيَوْمُ آخِرُ يَوْمٍ لِلاِسْتِشَارَةِ .** بۈگۈن مەسلەھەتلىشىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى.
– **اِنْتَهَتِ الدِّرَاسَةُ فِي أَوَاخِرِ السَّنَةِ.** ئۆگىنىش يىلنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاخىرلاشتى.
– **جَاؤُوا عَنْ آخِرِهِمْ .** ئۇلار قۇيرۇقىنى ئۈزۈپ ( تولۇق ) كەلدى.
« **آخِرُ جــ أَوَاخِرُ** » نى قوللانغاندا «**آخَرُ جــ آخَرُونَ** » (مەنىسى: يەنەبىر، باشقا ) بىلەن پەرىقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىش لازىم.

| | | | |
|---|---|---|---|
| - **آخِرُ الْكِتَابِ** | كىتابنىڭ ئاخىرى | - **اَلْكِتَابُ الْآخَرُ** | يەنە بىر كىتاب |
| - **أَوَاخِرُ الشَّهْرِ** | ئاينىڭ ئاخىرلىرى | - **اَلضُّيُوفُ الْأَخَرُونَ** | باشقا مېهمانلار |

**مُؤَخَّرًا**

« **مُؤَخَّرًا** » « **مِنْ عَهْدٍ قَرِيبٍ** »، « **أَخِيرًا** »، « **حَدِيثًا** » بىلەن مەنىداش، « يېقىندا، كېيىنكى مەزگىلدە، پات يېقىن» مەنىسىدە جۈملىدە ۋاقىت رەۋىشى بولۇپ كېلىدۇ.
– **زَارَ رَئِيسُ الدَّوْلَةِ مُؤَخَّرًا بَعْضَ الدُّوَلِ الْأُورُوبِيَّةِ .(ظرف الزمان)** زوڭتۇڭ يېقىندا بەزى ياۋروپا دۆلەتلىرىنى زىيارەت قىلدى.
– **شَعَرْتُ بِالصُّدَاعِ مُؤَخَّرًا .** مەن يېقىندا باش ئاغرىقىنى ھېس قىلدىم.
– **عَادَ عِصَامٌ اِلَى بَلَدِهِ مُؤَخَّرًا .** ئىسام يېقىندا يۇرتىغا قايتىپ كەلدى.
– **أَعْلَنَتِ الْحُكُومَةُ مُؤَخَّرًا عَنْ عَزْمِهَا عَلَى نَشْرِ التَّعْلِيمِ الْاِلْزَامِيِّ.**
ھۆكۈمەت يېقىندا مەجبۇري تەلىم تەربىيىنى يولغا قويۇش ئىرادىسىگە كەلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

**أَخِيرًا**

« **أَخِيرٌ** » بولسا « **أَخِيرُونَ** » نىڭ بىرلىك سانى، «ئاخىرقى، يېقىنقى، كېيىنكى» دېگەن مەنىدە. « **أَخِيرًا** » شەكلىدە كەلگەندە، ئاساسلىقى مۇنۇ ئىككى خىل قوللىنىلىشى ۋە مەنىسى بار؛
1. دەرىجە تولدۇرغۇچىنىڭ ئورنىدا كەلگۈچى ( **نَائِبُ الْمَفْعُولِ الْمُطْلَقِ** ) بولىدۇ، بەزىدە چۈشۈپ قالغان پېئىلنىڭ مەستىرىنى بايان قىلىپ « ئاخىرى، ئەڭ ئاخىرى» دېگەن مەنىدە « **فِي النِّهَايَةِ** »، « **فِي الْخِتَامِ** » بىلەن مەنىداش كېلىدۇ.
– **أَخِيرًا، أَتَمَنَّى لَكُمْ التَّوْفِيقَ وَالنَّجَاحَ .** ئاخىردا، مەن سىلەرگە ئۇتۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.
– **نَجَحَ فَوْزِى أَخِيرًا .** پەۋزى ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.
– **اِتَّضَحَتِ الْحَقِيقَةُ أَخِيرًا بَعْدَ التَّحْقِيقِ وَالْبَحْثِ .**
تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن ئاخىرى ھەقىقەت ئايدىڭلاشتى.
– **أَخِيرًا جَاءَ مَوْسِمُ الْحِصَادِ الْفَرِحُ وَالْمُنْشَغِلُ بِكَافَّةِ أَنْوَاعِ الْعَمَلِ .**
ئاخىرى، يىغىمنىڭ خۇشال ۋە ئەمگەكنىڭ ھەممە تۈرلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پەسلى يېتىپ كەلدى.
– **تَمَّتْ مُهِمَّتُنَا أَخِيرًا قَبْلَ الْمَوْعِدِ بَعْدَ اتِّخَاذِ سِلْسِلَةٍ مِنَ الْاِجْرَاءَاتِ الْفَعَّالَةِ .**
بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئۈنۈملۈك بىر يۈرۈش تەدبىرلەرنى قوللانغاندىن كېيىن ئاخىرى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن ئىلگىرى تاماملاندى.
2. ۋاقىت رەۋىشى ( **ظَرْفُ الزَّمَانِ** ) بولىدۇ.
بەزىدە « **مُؤَخَّرًا** » « **مِنْ عَهْدٍ قَرِيبٍ** » « **حَدِيثًا** » بىلەن مەنىداش ھالدا « يېقىندا، ئاخىرى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.
– **تَسِيرُ أَعْمَالُنَا أَخِيرًا سَيْرًا مُوَفَّقًا .** ئىشلىرىمىز يېقىندا مۇۋەپپەقىيەتلىك كېتىۋاتىدۇ.
– **وَصَلَتْنَا أَخِيرًا الطَّبْعَةُ الْجَدِيدَةُ مِنَ الْكِتَابِ .** بىزگە يېقىندا كىتاپنىڭ يېڭى بېسىلىشى يېتىپ كەلدى.
– **اِنَّ وُصُولَنَا اِلَى أَهْدَافِنَا الْقَوْمِيَّةِ يَقْتَضِى أَوَّلاً وَأَخِيرًا نُهُوضَنَا جَمِيعًا لِمَسْؤُولِيَّتِنَا الضَّخْمَةِ بِأَكْبَرِ جَهْدٍ وَأَغْزَرِ عَقْلٍ .**

بىزنىڭ مىللىي نىشانىمىزغا يېتىشىمىز ئەڭ زور كۈچ ۋە ئەڭ مول ئەقىل بىلەن باشتىن ئاخىر بىرلىكتە زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىزغا ھاجەت بولىدۇ.

– **أَنْتَ الْمَسْؤُولُ أَوَّلاً وَأَخِيرًا** . سەن باشتىن ئاخىرى مەسئۇل.

## اَلأَدَوَاتُ النَّحْوِيَّةُ

**اَلأَدَوَاتُ النَّحْوِيَّةُ** : گىراماتىكىلىق ۋاستىلەر – نۇتۇق ياكى كونتېكىست تەركىبىدىكى سۆز-ئىبارىلەرنى، ياكى جۈملىنىڭ باش ۋە ئەگەشمە بۆلەكلىرىنى باغلاش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ياكى بەلگىلىك گىراماتىكىلىق تەسىرگە ئىگە بولغان سۆزنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن : شەرت ۋاستىسى ( **أَدَاةُ الشَّرْطِ** )، سوئال ۋاستىسى ( **أَدَاةُ الاِسْتِفْهَامِ** )، ئېنىقلىقنى ئىپادىلىگۈچى ۋاستە ( **أَدَاةُ التَّعْرِيفِ** )، ئىستىسنا ۋاستىسى ( **أَدَاةُ الاِسْتِثْنَاءِ** )، كېسىك فورما ياكى چۈشۈم فورما ۋاستىلىرى ( **أَدَوَاتُ الْجَزْمِ أَوْ النَّصْبِ** ).

ۋاستىلەرنىڭ بەزىلىرى قوشۇمچە، مەسىلەن: ئالد قوشۇلغۇچى، باغلىغۇچى، جاۋاپ قوشۇمچىسى، ئاگاھلاندۇرۇش قوشۇمچىسى قاتارلىقلار، بۇنىڭغا ئوخشاش ۋاستىلەرنىڭ ئاخىرى قاتقان بولىدۇ، سۆز ئاخىرى تۈرلەنمەيدۇ. بەزىلىرى ئىسىم، مەسىلەن: سوئال ئالماشلىرى، شەرت مەنىسىدىكى ئىسىم قاتارلىقلار. بۇنىڭغا ئوخشاش ۋاستىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاخىرى قاتقان بولىدۇ، پەقەت بىر قانچىسىلا سۆز ئاخىرى تۈرلىنىدىغىنى؛ بەزىلىرى پېئىل، مەسىلەن: ئالدىغا مەستەر قوشۇمچىسى «**مَا**» قوشۇلغان ئىستىسنا ۋاستىسى «**عَدَا، حَاشَا، خَلاَ**». بۇلار ئۆتكەن زامان شەكلىدە كېلىدىغان، تۈرلەنمەيدىغان پېئىل (**فِعْلٌ جَامِدٌ**) بولىدۇ.

## أَدَاةُ الاِسْتِثْنَاءِ

«**أَدَاةُ الاِسْتِثْنَاءِ**» ئىستىسنا ۋاستىسى بولسا مەلۇم كىشى ياكى مەلۇم شەيئىنى بىر توپ كىشى ياكى بىر قىسىم شەيئىنىڭ تەركىبىدىن چىقىرىپ تاشلاشنى بىلدۈرىدىغان ۋاستە، ئۇ ئۆزىدىن كېيىنكى مۇستەسنا (**اَلْمُسْتَثْنَى**) بىلەن كېلىپ «...دىن باشقا؛ ...پەقەت... لا...» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ئىستىسنا ۋاستىسى ئالتە : « **اِلاَّ، غَيْرٌ، سِوَى، عَدَا، خَلاَ، حَاشَا** »

1. ئىستىسنا ۋاستىسى « **اِلاَّ**»

« **اِلاَّ** » – سۆز ئاخىرى قاتقان قوشۇمچە، جۈملىدە گىراماتىكىلىق ئورنى يوق. تەركىبىدە مۇستەسنا بولۇنغۇچى ( **اَلْمُسْتَثْنَى مِنْهُ** ) بولغان ئىستىسنالىق جۈملە ( **أُسْلُوبُ الاِسْتِثْنَاءِ** ) دە مۇستەسنا ( **اَلْمُسْتَثْنَى** ) نى پەتھەلىك كەلتۈرىدۇ، مۇستەسنا بولۇنغۇچى بولمىغان جۈملىدە، ئۇ ئۆزىدىن كېيىنكى ئىسىمنىڭ ئاخىرىدىكى ئالامەتكە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. بەزىدە ئۇ چەكلىگۈچى ۋاستە ( **أَدَاةُ الْحَصْرِ** ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

– **اَلسَّاعَةُ الآنَ الْعَاشِرَةُ اِلاَّ رُبْعًا**. ھازىر سائەت ئونغا ئون بەش مىنۇت كام.

– **هَلْ تَأَخَّرْتَ عَنِ الزُّمَلاَءِ الآخَرِينَ اِلاَّ وَاحِدًا ( وَاحِدٍ) مِنْهُمْ** ؟ سەن باشقا ساۋاقداشلاردىن بىردىن باشقىسىنىڭ كەينىدە قالدىڭمۇ ؟

– **كُلُّ شَيْءٍ يَنْقُصُ بِالاِنْفَاقِ اِلاَّ الْعِلْمَ** . ئىلىمدىن باشقا ھەر نەرسە چىقىم قىلىش بىلەن كېمىيەيدۇ.

– **مَا أَعْجَبَنِي اِلاَّ هَذَا الْمُوضَه**. بۇ مودىلا ماڭا ياقتى.

2. ئىستىسنا ۋاستىسى :**غَيْر** ، **سِوَى**

**غَيْر**، **سِوَى** ئىسىمغا مەنسۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىرى ئۆزىدىن كېيىنكى مۇستەسنا بىلەن ئىزاپەتلىك بىرىكمە مۇناسىۋەتتە قوللىنىلىپ، مۇستەسنا ئۇلار بىلەنكى ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ ئىككىنچى ئەزاسى بولىدۇ، مۇستەسنانىڭ قايسى كېلىشتە كەلگەنلىكى بىرىنچى ئەزاسى بولغان **غَيْرَ**، **سِوَى** دا

ئىپادىلىنىدۇ. **غَيْر** سۆز ئاخىرى تۈرلەنمەيدىغان ئىسىم، ئۇ بىۋاسىتە ئىپادىلىنەلەيدۇ. ئەمما **سِوَى** ئاخىرى « **اَلْيَاءُ** » شەكىللىك «**الأَلِفُ** » بىلەن كەلگەن ئىسىم بولۇپ ئۇنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى قىياسىي بولىدۇ. تۈرلىنىش سۆز ئاخىرىدا كۆرۈلمەيدۇ.

– **فَهِمْتُ الدَّرْسَ غَيْرَ جُمْلَةٍ وَاحِدَةٍ.** مەن بىر جۈملىدىن باشقا دەرسنى چۈشەندىم.

– **لاَ تَلِيقُ بِكَ الأَعْمَالُ غَيْرَ هَذَا الْعَمَلِ ( غَيْرُ هَذَا الْعَمَلِ)** .بۇنىڭدىن باشقا خىزمەتلەر ساڭا ماس كەلمەيدۇ.

– **سَلَّمْتُ عَلَى الْحَاضِرِينَ غَيْرَ وَاحِدٍ.** بىردىن باشقا كەلگەنلەرگە سالام بەردىم.

– **مَا نُوقِشَتِ الْمَشَاكِلُ سِوَى هَذِهِ الْمُشْكِلَةِ. ( مَنْصُوبٌ أَوْ مَرْفُوعٌ)** بۇ مەسىلىدىن باشقا مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنىدى.

– **لَمْ أَشْرَبْ شَيْئًا سِوَى كُوبٍ مِنَ الْمَاءِ. ( مَنْصُوبٌ)** مەن بىر ئىستاكان سۇدىن باشقا ھېچنەرسە ئىچمىدىم.

– **لاَ أَمْنَعَكَ عَنْ شَيْءٍ سِوَى التَّدْخِينَ. ( مَنْصُوبٌ أَوْ مَجْرُورٌ)** مەن سىنى پەقەت تاماكا چېكىشتىنلا مەنئى قىلىمەن.

3. ئىستىسنا ۋاستىسى : **عَدَا، خَلاَ، حَاشَا**

« **عَدَا، خَلاَ، حَاشَا** » تۈرلەنمەيدىغان پېئىل بولۇپمۇ قوللىنىلىدۇ، ئالد قوشۇلغۇچى بولۇپمۇ قوللىنىلىدۇ. ئۇ تۈرلەنمەيدىغان پېئىل ( **اَلْفِعْلُ الْجَامِدُ** ) بولۇپ قوللىنىلغاندا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى مۇستەسنا چۈشۈم كېلىشتە كېلىپ « **عَدَا** » ياكى « **خَلاَ** » ياكى «**حَاشَا**» نىڭ تولدۇرغۇچىسى بولىدۇ. ئالد قوشۇلغۇچى بولۇپ قوللىنىلغاندا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى مۇستەسنا ئىگىلىك كېلىشتە كېلىپ ئالد قوشۇلغۇچىنى قوبۇل قىلغۇچى بولىدۇ.

– **أُحِبُّ قِرَاءَةَ الرِّوَايَاتِ عَدَا التَّافِهَةَ ( التَّافِهَةِ)** . مەن رومانلارنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن، بىمەنە بولغىنى بۇنىڭ سىرتىدا.

– **لَقَدْ مَحَتِ الْأَيَّامُ كُلَّ شَيْءٍ مَا عَدَا هَذَا الْأَمْرَ الَّذِي لَنْ أَنْسَاهُ أَبَدًا.**

كۈنلەر مەن ئەسلا ئۇنۇتمايدىغان بۇ ئىشتىن باشقا ھەممە نەرسىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىدى.

– **يُمْكِنُ أَنْ تَزُورَنِي فِي أَيِّ يَوْمٍ مِنَ الْأَيَّامِ حَاشَا يَوْمَ الْأَرْبِعَاءِ ( يَوْمِ الْأَرْبِعَاءِ)**.

سىنىڭ مېنى چاشەنبە كۈنىدىن باشقا ھەر قانداق بىر كۈندە يوقلىشىڭغا مۇمكىن بولىدۇ.

## أَدَوَاتُ الْجَزْمِ

« **أَدَوَاتُ الْجَزْمِ** » ـ كېسىك فورما ۋاستىلىرى – ھازىرقى زامان پېئىلىنىڭ سۆز ئاخىرىنى كېسىك فورمىغا ئۆزگەرتكۈچى ۋاستىلەردۇر. بۇ تۈردىكى ۋاستىلەردىن كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن 16سى بار. ئۇلار ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ :

1.بىر پېئىلنىڭ سۆز ئاخىرىنى كېسىك فورمىغا ئۆزگەرتكۈچى ۋاستىلەر

بۇ تۈردىكى ۋاستە تۆت بولۇپ، ھەممىسى قوشۇمچە، جۈملىدە گىراماتىكىلىق ئورنى بولمايدۇ. ئۇلار: **لَمْ، لَمَّا**، بۇيرۇقنى ئىپادىلىگۈچى "**اَللاَّمُ (لاَمُ الْأَمْرِ)**، توسۇقنى ئىپادىلىگۈچى "**لاَ**" (**لاَالنَّاهِيَةُ**) .

2ـ ئىككى پېئىلنىڭ سۆز ئاخىرىنى كېسىك فورمىغا ئۆزگەرتكۈچى ۋاستىلەر

بۇ تۈردىكى ۋاستىلەر جەم 12 بولۇپ، ھەممىسى شەرت ۋاستىلىرى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككىسى قوشۇمچە، ئۇنىڭ جۈملىدە گىراماتىكىلىق ئورنى بولمايدۇ. قالغان ئونى ئىسىم بولۇپ گىراماتىكىلىق ئورنى بار. بۇ ئون ئىككى ۋاستىلەر :

قوشۇمچە : **اِنْ، اِذْمَا**

ئىسىم : **مَنْ، مَا، مَهْمَا، مَتَى، أَيَّانَ، أَيْنَ، أَنَّى، حَيْثُمَا، كَيْفَمَا، أَيٌّ** .

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەر بىر ۋاستىنىڭ قوللىنىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىسى توغرىسىدا، مۇشۇ ھەربىر سۆزلۈك ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشلەردىن پايدىلىنىڭ .

## أَدَاةُ الشَّرْطِ

« **أَدَاةُ الشَّرْطِ** » ـ شەرت ۋاستىسى. دائىم قوللىنىلىدىغان شەرت ۋاستىلىرى مۇنۇلار: **اِنْ، اِذْمَا، مَنْ، مَا، مَهْمَا، مَتَى، أَيَّانَ، أَيْنَ، أَنَّى، حَيْثُمَا، كَيْفَمَا، أَىٌّ، اِذَا، كُلَّمَا، لَمَّا، لَوْ، لَوْلاَ، أَمَّا**

شەرت ۋاستىلىرىنىڭ تۈرلىرى :

1 ـ بۇ 18شەرت ۋاستىسى هازىرقى زامان پېئىلىنىڭ سۆز ئاخىرىغا تەسىر قىلىش ـ قىلماسلىق جەھەتتىن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1) كېسىك فورمىغا ئۆزگەرتكۈچى شەرت ۋاستىلىرى (**اَلْأَدَوَاتُ الشَّرْطِيَّةُ الْجَازِمَةُ**) بۇلار 12 بولۇپ ئىككى هازىرقى زامان پېئىلىنىڭ سۆز ئاخىرى كېسىك فورمىغا ئۆزگەرتىدۇ. بۇلار :**اِنْ، اِذْمَا مَنْ، مَا، مَهْمَا، مَتَى، أَيَّانَ، أَيْنَ، أَنَّى، حَيْثُمَا، كَيْفَمَا، أَىّ،**

2) كېسىك فورمىغا ئۆزگەرتمەيدىغان شەرت ۋاستىلىرى (**اَلْأَدَوَاتُ الشَّرْطِيَّةُ غَيْرُ الْجَازِمَةِ**) بۇلار 6 بولۇپ هازىرقى زامان پېئىلىنىڭ سۆز ئاخىرىنىڭ تۈرلىنىشىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. بۇلار :**اِذَا، كُلَّمَا، لَمَّا، لَوْ، لَوْلاَ، أَمَّا.**

2 ـ شەرت ۋاستىلىرى سۆز خارەكتېرىگە ئاساسەن ئىسىم، قوشۇمچىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئىسىم بولۇپ كېلىدىغان شەرت ۋاستىلىرى جۈملە تەركىبىدە مۇئەييەن گىراماتىكىلىق بۆلەك بولۇپ گىراماتىكىلىق ئورۇنغا ئىگە بولىدۇ. ئەمما قوشۇمچە بولۇپ كېلىدىغان شەرت ۋاستىلىرىنىڭ جۈملىدە گىراماتىكىلىق ئورنى بولمايدۇ.

ئىسىم بولۇپ كېلىدىغان شەرت ۋاستىلىرى

1) ئادەملەر ئۈچۈن : **مَنْ** (كىم، كىمكى)؛ 2)شەيئىلەر ئۈچۈن: **مَا** (نېمە)؛ **مَهْمَا** (نېمىلا بولمىسۇن، نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر)؛ 3) ئادەملەر ۋە شەيئىلەر ئۈچۈن؛ **أَىّ** (قايسى)؛ 4) ۋاقىت مەنىسى ئۈچۈن : **مَتَى أَيَّانَ،اِذَا، كُلَّمَا، لَمَّا**؛ 5) ئورۇن مەنىسى ئۈچۈن؛ **أَيْنَ** ( **أَيْنَمَا** )**أَنَّى، حَيْثُمَا**؛ 6) هالەت ئۈچۈن؛ **كَيْفَمَا**... قوللىنىلىدۇ.

قوشۇمچە بولۇپ كېلىدىغان شەرت ۋاستىلىرى بەش بولۇپ، بۇلار : **اِنْ، اِذْمَا، لَوْ، لَوْلاَ، أَمَّا** بۇ شەرت ۋاستىلىرىنىڭ كونكرېت قوللىنىلىشى ھەققىدە، شەرت جۈملە ۋە شەرت ۋاستىلىرىنىڭ ھەربىرىنىڭ سۆزلۈكلىرىدىن پايدىلىنىڭ.

## أَدَاةُ التَّعْرِيفِ – ال

**أَدَاةُ التَّعْرِيفِ** ـ ئېنىقلىقنى ئىپادىلىگۈچى ۋاستە پەقەت بىرلا ـ« **اَلْ** » ( ئارتىكىل ). « **ال** » سۆزىنىڭ بېشىدىكى **اَلْهَمْزَةُ** ـ قوشۇپ ئوقۇلىدىغان **اَلْهَمْزَةُ** . ئېنىقسىز هالەتتىكى ئىسىملارنىڭ ئالدىغا ئارتىكىل « **ال** » قوشۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ئېنىق هالەتتىكى ئىسىمغا ئايلىنىدۇ.

ئارتىكىل «**ال**» ئۆزىنىڭ رولى جەھەتتىن تۆرتكە بۆلىنىدۇ؛ مەلۇملۇقنى ئىپادىلىگۈچى ئارتىكىل ( **اَلْ اَلْعَهْدِيَّةُ** )؛ تۈرداش مەنىنى ئىپادىلىگۈچى ئارتىكىل (**اَلْ اَلْجِنْسِيَّةُ**)؛ نىسبىي ئالماش رولىدىكى ئارتىكىل (**اَلْ اَلْمَوْصُولِيَّةُ**)، ئارتۇق قوشۇلىدىغان ئارتىكىل (**اَلْ اَلزَّائِدَةُ**). سۆز خارەكتېرى جەھەتتىن ئارتىكىل «**اَلْ**» قوشۇمچە ۋە ئىسىمدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

I . قوشۇمچە بولۇپ كېلىدىغان « **ال** » ( **حَرْفُ التَّعْرِيفِ** )

1 ـ مەلۇملۇقنى ئىپادىلىگۈچى ئارتىكىل ( **ال العهديّة** )

بۇ ئارتىكىل ئىسىملارنى مەيلى شەكلى جەھەتتىن ياكى مەنە جەھەتتىن بولسۇن ئېنىق هالەتكە ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ يەنە تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) كۆڭۈلگە ئايان مەلۇملۇقنى ئىپادىلىگۈچى ئارتىكىل ( **ال العهدية الذِّهْنِيَّةُ** )

ئۇ ـ تونۇش بولغان كىشى ياكى شەيئىنىڭ ئۆزىگە مەلۇملۇقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. كونكرت ئېيتقاندا، تىلغا ئالغۇچى ۋە ئاڭلىغۇچىنىڭ ھەربىرىگە تونۇش بولغان، باشقا چۈشەندۈرۈشنى قوشۇشقا ھاجەت بولمايدىغان كىشى ياكى شەيئى بولغاندا ئېنىقلىقنى ئىپادىلىگۈچى ئارتىكلنى قوشۇشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، دۇنيادا پەقەت بىرلا بولغان، ئىككىنچى بىرسى بولمىغان، ياكى بار بولغىنى بىرقانچە كىشى ( شەيئى ) لا بولغان ئىسىملارگىمۇ ئېنىقلىقنى ئىپادىلىگۈچى ئارتىكلنى قوشۇشقا بولىدۇ.

– **مَا زَالَتْ هَادِيَةُ تَعْمَلُ فِي الْكُلِّيَّةِ.** ھادىيە ھېلىمۇ فاكولتېتتا ئىشلەپ كەلدى.

– **سَاعَدَهَا بِلُطْفٍ لِتَسِيرَ اِلَى الْأَمَامِ .** ئۇ ئۇ (م) نىڭ ئالغا ئىلگىرلىشى ئۈچۈن ئىللىق ھالدا ياردەم بەردى.

– **اَلْقَاهِرَةُ عَاصِمَةُ مِصْرَ .** قاھىرە مىسىرنىڭ پايتەختى.

– **يَسْتَقْبِلُ الرَّئِيسُ مُبَارَكٌ مَسَاءَ الْيَوْمِ الدُّكْتُورَ بُطْرُسَ غَالِي الْأَمِينَ الْعَامَّ لِلْأُمَمِ الْمُتَّحِدَةِ .**

مۇبارەك رەئىس بۈگۈن كەچ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى دوكتور بۇتروس غالى بىلەن ئۇچرىشىدۇ.

2) قايتا تىلغا ئېلىنغان مەلۇملۇقنى ئىپادىلىگۈچى ئارتىكىل ( **ال العهديّة الذِّكْرِيَّةُ** )

ئۇ ـ ئەسلىدە ئېنىقسىز ھالەتتە قوللىنىلغان كىشى ياكى ئىش (شەيئى) قايتا تىلغا ئېلىنغان چاغدا مەلۇملۇقنى ئىپادىلىگۈچى ئارتىكىل بىلەن كېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

– **قُمْنَا بِرِحْلَةٍ، كَانَتِ الرِّحْلَةُ نَافِعَةً مُمْتِعَةً.** بىز بىر سەپەر ئېلىپ باردۇق، ھېلىقى سەپەر پايدىلىق، ھوزۇرلۇق بولدى.

– **قَذَفَتْنِي الْأَمْوَاجُ اِلَى شَاطِئِ جَزِيرَةٍ وَتَمَكَّنْتُ مِنَ الصُّعُودِ اِلَى الْجَزِيرَةِ بَعْدَ تَعَبٍ شَدِيدٍ.**

دولقۇنلار مېنى بىر ئارالنىڭ قىرغىقىغا ئىرغىتتى، مەن قاتتىق جاپادىن كېيىن ھېلىقى ئارالغا چىقالىدىم.

– **خَرَجَ شُرْطِيٌّ وَقَالَ: خُذْ عَرَبَةً أُخْرَى، هُوَ لاَ يَسْتَطِيعُ أَنْ يُوصِلَكَ الْآنَ. وَدُونَ تَفْكِيرٍ أَخْرَجْتُ حُفْنَةَ دَرَاهِمَ نُحَاسِيَّةٍ مِنْ جَيْبِي وَأَعْطَيْتُهَا لِلشُّرْطِيِّ قَائِلاً :" أَرْجُوكَ أَنْ تُعْطِيَهَا اِيَّاهُ."**

بىر ساقچى چىقتى ۋە مۇنداق دېدى:« سەن باشقا بىر ھارۋىدا ئولتۇر، ئۇ سېنى ھازىر ئاپىرىپ قويالمايدۇ.» مەن ئويلانماستىن يانچۇقۇمدىن بىر سىقىم مىس دەرھەمنى چىقاردىم ۋە ئۇنى ھېلىقى ساقچىغا مۇنداق دەپ بەردىم: « سىزنىڭ ئۇنى ئۇنىڭغا بېرىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن.»

3) نەخ مەيداندا بولغان مەلۇملۇقنى ئىپادىلىگۈچى ئارتىكىل ( **ال العهديَّةُ الْحُضُورِيَّةُ** )

ئۇ – مەلۇم بىر ئىسىمنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىمنى «ھازىر» مەنىسىدىكى ئۇقۇمغا ئىگە قىلىدۇ ياكى ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە« نەخ مەيداندا بار» ئىكەنلىك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

– **وَفِي جَرْشَ الْيَوْمَ آثَارٌ رُمَانِيَّةٌ جَمِيلَةٌ كَثِيرَةٌ.** بۈگۈنكى جەرشتە رىمنىڭ گۈزەل نۇرغۇن ئاسارە ـ ئەتىقىلىرى بار.

– **اَلْيَوْمُ يَوْمُ الْأَحَدِ.** بۈگۈن يەكشەنبە كۈنى.

– **اَلْقَمَرُ مُنِيرٌ اللَّيْلَةَ .** ئاي بۈگۈن كېچە نۇرلۇق.

– **اِنْتَظَرْنَا سَيَّارَةً وَجَاءَتِ السَّيَّارَةُ فَصَاحَ أَحَدٌ مِنَّا :"اَلسَّيَّارَةَ!"**

بىز ماشىنىنى ساقلىدۇق. ماشىنا كەلدى، بىزدىن بىرى:« ماشىنا! » دەپ ۋارقىرىدى.

4) ئىككىلىك سان ياكى كۆپلۈك ساندىكى كىشى ئىسىمنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئېنىق ھالەتتە ئىكەنلىكى، ئېنىقسىز ھالەتتە دەپ قارالمايدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

– **جَاءَ الْاِبْرَاهِمَانِ ثُمَّ الْمُحَمَّدُونَ.** ئىككى ئىبراھىم، ئاندىن كېيىن مۇھەممەدلەر كەلدى.

**(نەشىرگە تەييارلىغۇچى : ئىسمائىل قادىر ھاجىم)**



www.uyghurkitap.com

# «ئۈرۈمچى شەھرى ئىسلام دىنى ئىشلىرى يېتەكچىسى» ژۇرنىلىنىڭ 2014 ـ يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجىسى

## خەۋەرلەر


شەھەر بويىچە «بەشتە ياخشى» دىنىي پائالىيەت سورۇنى ۋە «بەشتە ياخشى» دىنىي زات بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنىدا قىلىنغان سۆز..............6 ـ سان

ئۈرۈمچىگە نەزەر..............6 ـ سان

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بىرلىكتە بەرپا قىلىپ، ئىناق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرەيلى..............7 ـ سان

ئەمەلىي ئىشلەپ، سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ياخشى ئۈلگە بولۇپ، مەركىزىي شەھەرنى گۈللەندۈرۈش كېرەك.............. 12 ـ سان

ئىتتىپاقلىقنى قوغداپ، سىگنىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇپ، شەھىرىمىزنىڭ مىللەت ـ دىن ساھەسىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىمىز..............7 ـ سان


## ۋەز ـ تەبلىغلەر


تەۋھىد ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ھەققىدە..............8 ـ سان

ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش..............12 ـ سان

پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتىش..............2 ـ سان

ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان ئېيتىش..............3 ـ سان

ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش..............5 ـ سان

ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈش..............8 ـ سان

تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش..............6 ـ سان

تاھارەت ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى..............1 ـ سان

ناماز ھەققىدە..............1 ـ سان

نامازنىڭ پەزىلىتى..............11 ـ سان

ئەزان ۋە تەكبىر ھەققىدە..............2 ـ سان

ئىبادەت ۋە ئۇنىڭ ھېكمىتى..............8 ـ سان

ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرزنىڭ بىرى ــ روزا..............6 ـ سان

www.uyghurkitap.com


ھەج شەرتلىك پەرزدۇر..........................9-سان

«ئايەتۇلكۇرسى» نىڭ قىسقىچە تەپسىرى..........................5-سان

پەيغەمبىرىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتلىرىنى ئۆگىنىپ، ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت ئىزدەيدىغان مۇسۇلمانلاردىن بولايلى..................1-سان

پەيغەمبىرىمىزنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى..........................2-سان

ئىسلامدىكى نىكاھنىڭ پەزىلىتى..........................4-سان

سالامنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا..........................11-سان

گۇناھ ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا..........................11-سان

ئىسراپچىلىق توغرىسىدا..........................11-سان

قوشنىدارچىلىق ھەققىدە..........................4-سان

دۇئا ۋە ئۇنىڭ خاسىيىتى..........................10-سان

ئاياللارنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى..........................10-سان

تالاق توغرىسىدا..........................4-سان

جىن ۋە جىنكەشلىك توغرىسىدا..........................5-سان

ئىسلامدىكى ئەخلاق توغرىسىدا..........................8-سان

ئىسلام دىنىدىكى جەننەت توغرىسىدا..........................9-سان

ھالال ۋە ھارام توغرىسىدا..........................12-سان

ئەيدىزنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا..........................12-سان

ئىسلام دىنىدىكى دەپنە مۇراسىمى..........................1-سان

ئىسلام دىنى پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىدۇ..........................4-سان

ئىسلام دىنى زەھەرلىك چېكىملىكنى قەتئىي چەكلەيدۇ..............6-سان

ئىسلام دىنى كەڭ قورساق بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ..............8-سان

ئىسلام دىنى بىزدىن ئوتتۇرا يول تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ..............9-سان

ئىسلام دىنىدا پەرزەنت تەربىيەلەشنىڭ پەزىلىتى..............3-سان

پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا-ئانىلار ئۈستىدىكى ھەقلىرى..............5-سان

ئاتا-ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىش ھەققىدە..........................6-سان

ئىسلام دىنىدىكى ساۋاب ئىشلار ھەققىدە..........................3-سان

ئىسلام دىنى ئىلىم ئۆگىنىشكە ئۈندەيدىغان دىن..........................6-سان

قۇربان ھېيت ۋە قۇربانلىقنىڭ پەزىلىتى..........................10-سان

مۇسۇلمانلار چوقۇم «قۇرئان كەرىم» ۋە سۈننەتكە ئەگىشىشى كېرەك.....9-سان

مۇسۇلمانلار بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك......1-سان

ئىسلام دىنى ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ ئىشلەپ، ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ..........................2-سان

مۇسۇلمانلار ئىلىم ئۆگىنىشكە ئىنتىلىشى كېرەك..............3-سان
مۇسۇلمانلار ۋاقىتنى قەدىرلەش كېرەك..........12-سان
ھاجىلار ئۆزىنىڭ ئۆلگىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.........10-سان
ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، جەمئىيەت ئىناقلىقىنى قولغا كەلتۈرەيلى..............................5-سان
بۇ دۇنيالىق ئۈچۈن ئاكتىپ ئىشلەپ، ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرەيلى..............................7-سان
پەرزەنت تەربىيەسىگە ئەھمىيەت بېرىپ، پەرزەنت تەربىيەلەش مەجبۇرىيىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلايلى..............................7-سان
ئاشقۇنلۇقتىن ساقلىنىپ، ئوتتۇراھال يول تۇتۇشتا چىڭ تۇرايلى........7-سان
ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتەك ئىسلام ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇپ، دوزاخ ئازابىدىن ساقلىنايلى..........................7-سان
ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان، جاسارەتلىك-يارامىلىق مۇسۇلمان ياشلاردىن بولايلى..............................10-سان


## ئىماملىرىمىز


مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجى ھەققىدە..........................2-سان
مەرھۇم مەھمۇد داموللا ھاجى ھەققىدە..........................5-سان


## مەسجىدلىرىمىز


ئۈرۈمچى ياڭخاڭ (بەيتۇلمەئمۇر) مەسجىدىنىڭ قىسقىچە تارىخى.......4-سان
ئۈرۈمچى خانتەڭرى مەسجىدىنىڭ قىسقىچە تارىخى...............5-سان
بۇلاقتاغ رايونلۇق قىزىل مۇنار مەسجىدىنىڭ قىسقىچە تارىخى........11-سان


## ئىسلام دىنى تەتقىقاتى


ئۆلچەملىك ۋەز سۆزلەش ئۇسۇلى (1)..........................1-سان
ئۆلچەملىك ۋەز سۆزلەش ئۇسۇلى (2)..........................2-سان
ئۆلچەملىك ۋەز سۆزلەش ئۇسۇلى (3)..........................3-سان
ئۆلچەملىك ۋەز سۆزلەش ئۇسۇلى (4)..........................4-سان
«داموللا» سۆزى ھەققىدە ئىزدىنىش..........................6-سان
مۇسۇلمان كىشىنىڭ سۈپىتى (1)..........................7-سان
روزا تۇتۇشنىڭ سالامەتلىك جەھەتتىكى پايدىلىرى..............7-سان
«قۇرئان كەرىم» نى چۈشىنىشنىڭ ئاساسلىرى..................9-سان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


ئىسلام دىنى ۋە تەرەققىيات توغرىسىدا.......................9ـ سان


## ئۆگىنىش گۈلزارى


«المنهل الحديث» __ 1ـ ھەدىسنىڭ شەرھىسى ( كتاب الإيمان )..........2ـ سان
«المنهل الحديث» __ 2ـ ھەدىسنىڭ شەرھىسى ( كتاب الإيمان )..........3ـ سان
«المنهل الحديث» __ 3ـ ھەدىسنىڭ شەرھىسى ( كتاب الإيمان )..........4ـ سان
«المنهل الحديث» __ 4ـ ھەدىسنىڭ شەرھىسى ( كتاب الإيمان )..........5ـ سان
«المنهل الحديث» __ 5ـ ھەدىسنىڭ شەرھىسى ( كتاب الإيمان ).......... 6ـ سان
«المنهل الحديث» __ 6ـ ھەدىسنىڭ شەرھىسى( كتاب الإيمان )...........7ـ سان
«المنهل الحديث» __ 7ـ ھەدىسنىڭ شەرھىسى ( كتاب الإيمان )..........8ـ سان
«المنهل الحديث» __ 8ـ ھەدىسنىڭ شەرھىسى ( كتاب الإيمان )..........9ـ سان
«المنهل الحديث» __ 9ـ ھەدىسنىڭ شەرھىسى ( كتاب الإيمان )..........10ـ سان
«المنهل الحديث» __ 10ـ ھەدىسنىڭ شەرھىسى ( كتاب الإيمان )........11ـ سان
«المنهل الحديث» __ 11ـ ھەدىسنىڭ شەرھىسى ( كتاب الطهارة )........12ـ سان
ئەرەب تىلىدىكى بەزى گرامماتىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ قوللىنىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىسى (1)...................................8ـ سان
ئەرەب تىلىدىكى بەزى گرامماتىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ قوللىنىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىسى (2)...................................9ـ سان
ئەرەب تىلىدىكى بەزى گرامماتىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ قوللىنىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىسى (3)...................................11ـ سان
ئەرەب تىلىدىكى بەزى گرامماتىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ قوللىنىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىسى (4)...................................12ـ سان


## پايدىلىنىشلىك


رامىزان ئېيىغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەر.........................7ـ سان
«قۇرئان كەرىم» نىڭ خەتمە دۇئاسى.............................7ـ سان
قۇرئان ۋە ھەدىستىكى دۇئالاردىن تاللانمىلار.....................4ـ سان
ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 1ـ ئايلىق ناماز ۋاقىت جەدۋىلى..........1ـ سان
ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 2ـ ئايلىق ناماز ۋاقىت جەدۋىلى..........2ـ سان
ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 3ـ ئايلىق ناماز ۋاقىت جەدۋىلى..........3ـ سان
ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 4ـ ئايلىق ناماز ۋاقىت جەدۋىلى..........4ـ سان
ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 5ـ ئايلىق ناماز ۋاقىت جەدۋىلى..........5ـ سان
ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 6ـ ئايلىق ناماز ۋاقىت جەدۋىلى..........6ـ سان

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 7ـ ئايلىق ناماز ۋاقىت جەدۋىلى.............. 7ـ سان
ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 8ـ ئايلىق ناماز ۋاقىت جەدۋىلى.............. 8ـ سان
ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 9ـ ئايلىق ناماز ۋاقىت جەدۋىلى.............. 9ـ سان
ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 10ـ ئايلىق ناماز ۋاقىت جەدۋىلى............. 10ـ سان
ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 11ـ ئايلىق ناماز ۋاقىت جەدۋىلى............. 11ـ سان
ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 12ـ ئايلىق ناماز ۋاقىت جەدۋىلى............. 12ـ سان
ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 2014ـ يىلىلىق روزا تۇتۇش ۋاقىت جەدۋىلى....... 6ـ سان

*****************************************************************

## سەمىگىزگە

✧ بىر تال كۆك ئامۇت بىلەن يەتتە تال ئاقمۇچنى ئامۇت تولۇق پىشقىچە قاينىتىپ، ئامۇتنى يەپ، سۇيىنى ئىچىپ بەرسە يۆتەلنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ.

✧ توققۇز گىرام سوغاگۈل (بىيمۇ) بىلەن بىلەن ئالتە گىرام ناۋاتتا چاي دەملەپ ھەركۈنى بىر ۋاخ ئىچسە يۆتەلنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ.

✧ يېرىم قوشۇق زەنجىۋىل شەربىتى بىلەن بىر قوشۇق ھەسەلنى قايناق سۇغا قوشۇپ ئىچسە يۆتەلنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ.

✧ تۇرۇپ شورپىسى قىلىپ، ئۇنىڭغا تەڭ مىقداردا ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە، ياكى بىر تال ئامۇتنى ئىككى گىرام ھەسەل بىلەن قاينىتىپ، ئۇخلاشتىن بۇرۇن سۈيىنى ئىچىپ، ئامۇتنى يەپ بەرسە، قىشتا كۆپ كۆرۈلىدىغان سەۋەبسىز يۆتەلنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ.

✧ ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسى غىدىقلىنىش ھالىتىدە تۇرسا، ئۇخلىمىقى تەس بولىدۇ. بۇنداق چاغدا ئالما يەپ بەرسە، ئۇيقۇسىزلىققا پايدا قىلىدۇ.

✧ ئاخشىمى پارچىلانغان ئاپېلسىن ياكى ئالمىنى كارىۋات بېشىغا قويۇپ قويسا، ئۇنىڭ ھىدى ئۇخلاشقا ھەمدەم بولىدۇ، چۈنكى مېۋىنىڭ خۇش ھىدى ئادەمنىڭ نېرۋىسىنى تىنچلاندۇرىدۇ.

✧ ئۇخلاشتىن بۇرۇن بىر ئىستاكان شېكەر سۈيى ئىچىپ بەرسە، بەدەندە بەزىبىر خېمىيەلىك رېئاكسىيە پەيدا قىلىپ، قان زەردابى ھاسىل قىلىدۇـ دە، ئادەمنى تىنچلاندۇرۇپ ئۇخلىتىدۇ. ياكى بولمىسا ئۇخلاشتىن ئىلگىرى بىر قوشۇق ئاچچىقسۇنى سۇۋۇتۇلغان قايناق سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بەرسىمۇ ئادەمنىڭ تېز ئۇخلىشىغا ھەمدەم بولىدۇ. («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 22ـ نۇيابىردىكى ساندىن ئېلىندى)

www.uyghurkitap.com

# ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ 12 ـ ئايلىق ناماز ۋاقىتلىرى

| دېكابىر (12 ـ ئاي) | | بامدات | كۈن چىقىش | پېشىن | ئەسر | شام | خۇپتەن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | شەنبە | 5:47 | 7:22 | 12:30 | 2:15 | 4:36 | 5:34 |
| 2 | يەكشەنبە | 5:48 | 7:24 | 12:30 | 2:15 | 4:36 | 5:34 |
| 3 | دۈشەنبە | 5:49 | 7:25 | 12:30 | 2:15 | 4:36 | 5:34 |
| 4 | سەيشەنبە | 5:50 | 7:26 | 12:30 | 2:15 | 4:35 | 5:33 |
| 5 | چارشەنبە | 5:51 | 7:27 | 12:30 | 2:15 | 4:35 | 5:33 |
| 6 | پەيشەنبە | 5:52 | 7:28 | 12:30 | 2:15 | 4:35 | 5:33 |
| 7 | جۈمە | 5:52 | 7:29 | 12:30 | 2:15 | 4:35 | 5:33 |
| 8 | شەنبە | 5:53 | 7:30 | 12:30 | 2:15 | 4:35 | 5:33 |
| 9 | يەكشەنبە | 5:54 | 7:31 | 12:30 | 2:15 | 4:35 | 5:33 |
| 10 | دۈشەنبە | 5:55 | 7:32 | 12:30 | 2:15 | 4:35 | 5:33 |
| 11 | سەيشەنبە | 5:56 | 7:32 | 12:30 | 2:15 | 4:35 | 5:33 |
| 12 | چارشەنبە | 5:56 | 7:33 | 12:30 | 2:15 | 4:35 | 5:33 |
| 13 | پەيشەنبە | 5:57 | 7:34 | 12:30 | 2:15 | 4:35 | 5:33 |
| 14 | جۈمە | 5:58 | 7:35 | 12:30 | 2:15 | 4:35 | 5:33 |
| 15 | شەنبە | 5:58 | 7:36 | 12:30 | 2:16 | 4:35 | 5:33 |
| 16 | يەكشەنبە | 5:59 | 7:36 | 12:30 | 2:16 | 4:35 | 5:33 |
| 17 | دۈشەنبە | 6:00 | 7:37 | 12:30 | 2:16 | 4:36 | 5:34 |
| 18 | سەيشەنبە | 6:00 | 7:38 | 12:30 | 2:17 | 4:36 | 5:34 |
| 19 | چارشەنبە | 6:01 | 7:38 | 12:30 | 2:17 | 4:36 | 5:34 |
| 20 | پەيشەنبە | 6:02 | 7:39 | 12:30 | 2:17 | 4:37 | 5:35 |
| 21 | جۈمە | 6:02 | 7:40 | 12:30 | 2:18 | 4:37 | 5:35 |
| 22 | شەنبە | 6:03 | 7:40 | 12:30 | 2:18 | 4:38 | 5:36 |
| 23 | يەكشەنبە | 6:03 | 7:41 | 12:30 | 2:19 | 4:38 | 5:36 |
| 24 | دۈشەنبە | 6:03 | 7:41 | 12:30 | 2:19 | 4:39 | 5:37 |
| 25 | سەيشەنبە | 6:04 | 7:41 | 12:30 | 2:20 | 4:39 | 5:37 |
| 26 | چارشەنبە | 6:04 | 7:42 | 12:30 | 2:21 | 4:40 | 5:38 |
| 27 | پەيشەنبە | 6:05 | 7:42 | 12:30 | 2:21 | 4:41 | 5:39 |
| 28 | جۈمە | 6:05 | 7:42 | 12:30 | 2:22 | 4:42 | 5:40 |
| 29 | شەنبە | 6:05 | 7:43 | 12:30 | 2:23 | 4:42 | 5:40 |
| 30 | يەكشەنبە | 6:05 | 7:43 | 12:30 | 2:23 | 4:43 | 5:41 |

**ئەسكەرتىش:** مەزكۇر جەدۋەلدىكى ۋاقىت ئۈرۈمچى ۋاقتى بولۇپ، ئەزان ئوقۇلىدىغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ.